تۇرسۇن ئايۇپ

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

古代维吾尔语教程:维吾尔文/吐尔逊·阿尤甫编著.
—北京:民族出版社, 1998.8
ISBN 7—105—03234—0
Ⅰ.古… Ⅱ.吐… Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言):
古代语言—教材 Ⅳ.H215
中国版本图书馆 CIP 数据核字(98)第 25318 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013)
新疆畜牧印刷厂印刷
各地新华书店经销
1998 年 10 月北京第 1 版 1998 年 10 月乌鲁木齐第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米 1/32 印张:12.25
印数:0001—4000 册 定价:15.00 元

# نەشرىياتتىن

مەزكۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى تۇرسۇن ئايۇپ 1947-يىلى 2-ئايدا قورغاس ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1965-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1965-يىلى 9-ئايدىن 1968-يىلى 9-ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىدە ئوقۇغان. 1971-يىلى 10-ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. شۇندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

تۇرسۇن ئايۇپ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن 27 يىل ئىچىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار گىرامماتىكىسى»، «ئۇيغۇر يېزىق تىلى تەرەققىيات تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» ۋە «ئۇيغۇر يېزىق تىلى تەرەققىيات تارىخى» ئۇيغۇر تىلىدا مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ئېچىلغان دەرسلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ 1993-يىلى مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىق تىلى تارىخىنى تەتقىقات نىشانى قىلغان تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى ئاچقان. 1982-يىلى لېكتور، 1990-يىلى دوتسېنت بولۇپ باھالانغان.

تۇرسۇن ئايۇپ پائال تۇردە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلگەن. يېقىنقى نەچچە يىلدىن بېرى "ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپى توغرىسىدا" (خەمىت تۆمۈر بىلەن بىللە)، "ئۇيغۇر تىلىدىكى dimek پېئىلى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە" (خەمىت تۆمۈر بىلەن بىللە)، "ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك"، "〈كاشغار تىلى〉 توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە"، "〈ئالتۇن يارۇق〉نىڭ يىگىرمە تۆتىنچى بۆلىكى ئۈستىدە تەتقىقات" قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا ئوقۇغان. خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىدىن بولغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق — ھەقىقەت بوسۇغىسى» (خەمىت تۆمۈر بىلەن بىللە)، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە» (گېڭ شىمىن بىلەن بىللە)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (ئابدۇقېيۇم خوجا، ئىسرايىل يۈسۈپ بىلەن بىللە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، «ئادەم قانداق پەيدا بولغان» (ياسىن ھۆسەن بىلەن بىللە)، «دۇنيا تارىخىدىن پارچىلار» (ياسىن ھۆسەن بىلەن بىللە)، «ماركسىزمچە پەلسەپە تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇمات» (جۇماخۇن نىياز بىلەن بىللە) قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇ 1986-يىلى ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى ھاۋالە قىلغان ئاپتونوم رايون ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 7-بەش يىللىق نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى قىلىپ بېكىتكەن، ھەجمى 1 مىليون 500 مىڭ خەتكە يېتىدىغان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى بودا دىنىغا دائىر يىرىك ئەسەر «ئالتۇن يارۇق»نى كەسىپداشلىرى مۇھەممەترېھىم سايىت بىلەن بىرلىكتە، مۇقەددىمە،

ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە، ئومۇمىي سۆزلۈك، ئىزاھتىن ئىبارەت بەش قىسىم بويىچە نەشرگە تەييارلاپ 1992-يىلى 2-ئايدا ھاۋالە قىلغۇچى ئورۇنغا تاپشۇرغان.

تۇرسۇن ئايۇپ ئۇيغۇر يېزىق تىلى تارىخى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى رەتلەش ھەم تەتقىق قىلىشنى نىشان قىلغان، يۇقىرى قاتلام، يۇقىرى سەۋىيىدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشنى ۋە شۇ ساھەدە مەخسۇس ئەسەر يېزىشنى بۇندىن كېيىنكى ئىرىشىش نىشانى قىلىپ ئىزدەنمەكتە.

# تۈزگۈچىدىن

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدىكى يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تۈزۈلدى. دەرسلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىق تىلى تەرەققىياتى تارىخىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى تىكلەش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئىلمىي ۋە تارىخىي يوسۇندا چۈشىنىش، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىشتا باشلانغۇچ بىلىم ۋە زۆرۈر سۆزلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«دەرسلىك»كە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۈرلۈك ژانىر ۋە مەزمۇندىكى يادىكارلىقتىن (بەزىلىرى پارچە) يىگىرمە بەشى كىرگۈزۈلدى.

1. «دەرسلىك»كە قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىغا دائىر يادىكارلىقلار، قاراخانىيلار سۇلالىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى، قەدىمكى تۈرك خانلىقىغا دائىر يادىكارلىقلار كىرگۈزۈلدى.

2. ئوقۇ-ئوقۇتۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، «دەرسلىك»كە كىرگۈزۈلگەن يادىكارلىقلار يېقىندىن يىراققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈش تەرتىپى بويىچە بېرىلدى.

3. باسما شارائىتىمىز يار بەرمىگەچكە «دەرسلىك»كە يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى كىرگۈزۈلمەي، ترانسكرىپسىيىسىلا بېرىلدى.

4. ھەربىر دەرس تېكىست، سۆزلۈك، ئىزاھتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپتى.

5. يادىكارلىقلارنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تىل ئالاھىدىلىكى،

مەنبەسى، بۇ يادىكارلىقلار ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۈچۈن ئۇمۇمىي چۈشەنچە ئورنىدا «دەرسلىك»نىڭ باش قىسمىغا مۇقەددىمە بېرىلدى.

6. ھەربىر يېزىقتىكى يادىكارلىقلارنىڭ ئالدىغا شۇ يېزىق توغرىسىدا ئۇمۇمىي چۈشەنچە ۋە شۇ يېزىقنىڭ ئېلىپبەسى، ئىملا قائىدىسى قاتارلىقلار بېرىلدى.

7. «دەرسلىك» مەكتىپىمىزدىن پروفېسسور گېڭ شىمىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن 1977 — 1978-يىللىرى تۈزۈلگەن «قەدىمكى تۈرك تىلى يادىكارلىقى ئوقۇشلۇقى»دىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، شۇ ئوقۇشلۇقتىن ئېلىنغان يادىكارلىقلارغا شۇ يادىكارلىقنىڭ قەيەردىن ئېلىنغانلىقىغا دائىر ئىزاھ بېرىلمىدى. يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەنلىرىگە بولسا ئېلىنغان ژۇرنال ياكى كىتابنىڭ نامى، ئېلان قىلغۇچى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىزاھ بېرىلدى.

8. «دەرسلىك» 1981-يىلى تۈزۈلگەنىدى. 1983-يىلى ۋە 1993-يىلى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭغا زور تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى. بۇ «دەرسلىك»كە كىرگۈزۈلگەن يادىكارلىقلار قەدىمكى زامانىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا، ئۆتكىنىش جەريانىدا، بەزى يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان خاتا قاراش ۋە ئىدىيىلەرگە نىسبەتەن ماركسىزملىق مەيدان ۋە نۇقتىئىينەزەر بويىچە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«دەرسلىك» ئۇستازىم خەمىت تۆمۈر، گېڭ شىمىن، ۋېي سۈيىي قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكى، ياردىمى ۋە ئىلھامى بىلەن تۈزۈلگەن. ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىگە چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن.

سەۋىيەم چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كەم بولغانلىقى سەۋەبلىك، دەرسلىكتە كەمچىلىكلەر كۆپرەك ئۇچرىشى مۇمكىن. مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچى ۋە كەسپداشلارنىڭ، شۇنداقلا ساۋاقداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكرىنى سەممىي قارشى ئالىمەن.

1993-يىل، بېيجىڭ.

# ئىچىدىكىلەرى

**مۇقەددىمە**

1. تارىختىن قىسقىچە ئەسلىمە ........................ 1
2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار ............ 10
3. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ........................ 12
4. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقات........ 25
5. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە .................. 34

**قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىغا دائىر يادىكارلىقلار**

1. ئەقلىيە ........................ 54
2. شۇنداق ئۇرۇنلاردا ........................ 64
3. تۇغقانلارنى سىغىنىش ........................ 72
4. مەدھىيە ........................ 78
5. مۇھەببەت قوشىقىدىن پارچە ........................ 84
6. ئەرزنامە ........................ 90
7. تىلخەت ........................ 97
8. «ئوغۇزنامە» دىن پارچە ........................ 105
9. «سىددىتخاسارا» دىن پارچە ........................ 124
10. «چاشتانى ئىلىگ بەگ» دىن پارچە........ 135
11. «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دىن پارچە ........ 145
12. «ئالتۇن يارۇق» تىن پارچە........ 160
13. «مايترى سىمىت» تىن پارچە ........................ 182
14. مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى ........................ 205

خاتىرىلەنگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردىن مەلۇمكى، دىڭلىڭلار شەرقتە بايقال كۆلىدىن غەربتە بالقاش كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلق ئىدى. دىڭلىڭلار ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، شەرقىي تارمىقى سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، غەربىي تارمىقى ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدا ياشايتتى. مىلادى IV ئەسىردە، دىڭلىڭلار خەنزۇچە خاتىرىلەردە تېلى — 铁勒 (狄历) ياكى چىلى — 敕勒 خەتلىرى بويىچە خاتىرىلەنگەن. تېلىلار ئېگىز چاقلىق ھارۋا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە گاۋچې — 高车 (“ئېگىز ھارۋا” دېگەن مەنىدە) دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. كېيىن خەنزۇچە تارىخنامىلاردا تېلىلارنىڭ شەرقىي تارمىقى يۈەنخې — 袁纥 (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە)، ۋېيخې — 纬纥، خۇيخې — 回纥 (سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، غەربىي تارمىقى ۋۇخې — 乌纥 ياكى ۋۇخۇ — 乌护 (سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە) دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادى 788-يىلدىن تارتىپ خۇيگۇ — 回鹘، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ۋېيۋۇئېر — 畏兀尔 دەپ خاتىرىلەنگەن.

“ئۇيغۇر” دېگەن بۇ نام قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا بىر قەبىلىنىڭ نامىنى كۆرسىتىپ كەلگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە كۆپرەك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى كۆرسەتكەن ھالدا ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىتتىپاق تەركىبىدىكى قەبىلىلەرنىڭ سانى تۇراقسىز بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا مۇۋاپىق ئۆزگىرىپ تۇرغان. شۇڭا، تارىخىي خاتىرىلەردە “ئۇيغۇر”، “توققۇز ئۇيغۇر”، “ئون ئۇيغۇر” دېگەن ناملار كۆرۈلىدۇ.

مىلادى 552-يىلى تۈرك (قەدىمكى قەبىلە نامى، ھازىرقى تۈركىيە تۈركلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ)لەر تۈرك ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان تۇمەن (قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى، مەڭگۈ تاشلاردا “بۇمىن” دېيىلىدۇ)نىڭ يېتەكچىلىكىدە جوجانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تۈرك خانلىقى (مىلادى 552 — 744-يىللار)نى قۇرۇپ، شەرقتە لياۋخې دەرياسى، غەربتە كاسپىي دېڭىزى، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالى (موڭغۇلىيە چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىغىچە

بولغان كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى، ئۇيغۇرلار تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلاردا ياشىغان. تۈرك خانلىقى تۈرك ئاشىنا ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈرك خانلىقى تەۋەسىدىكى غوللۇق ئاھالىدىن ئىدى.

ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا، تۈرك خانلىقىدا قوللىنىلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقى (رۇنىك يېزىقى، تۈرك-رۇنىك يېزىقى، يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى قوللانغان.

مىلادى 744-يىلى، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ياغلىقار ئۇرۇقىدىن بولغان قۇتلۇق بىلگە كۆل خاقان(تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا "خۇەيرىن كېخەن — دىيانەتلىك خاقان" دەپ ئۇنۋان بەرگەچكە، خەنزۇچە تارىخنامىلاردا 怀仁可汗 دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ)نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى ئەسىر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 744 — 840-يىللار)نى قۇرغان. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ جايلار (تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار)نىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

ئۇيغۇر خانلىقى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تەركىبىدە بولغان ياغلاقار، ئۆتۈرقار، تۆرلەمۇر، بۇقاسقىر، ئاۋۇچاك، قارسار، قوغۇزسۇۋ، يابۇقتار، ئاياۋۇزدىن ئىبارەت ئىچكى توققۇز قەبىلە ۋە ئۇيغۇر، ئۇپۇغۇر، غۇن، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، قىپچاق، باسمىل، قارلۇقتىن ئىبارەت تاشقى توققۇز قەبىلىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، تۈرك خانلىقى تەركىبىدە بولغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىدارىسىدە تۇتقان.

ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا بىرقانچە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئالدى بىلەن، تاڭ سۇلالىسى ئەن لۇشەن (ئۆگلۈك)، شى سىمىن (سۆگلۈك) توپىلىڭىدىن كېيىن، لۇڭيۇ ۋە خېشى كارىدورىغا بولغان كونتروللۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمدە شەرق بىلەن غەربىنىڭ ئالاقىسىدىكى بىردىنبىر مۇھىم يول — "يىپەك يولى"نى داۋاملىق

راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسى ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن[1].

ئۇيغۇرلار جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسى (قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا "تابغاچ" دېيىلىدۇ) بىلەن ئات-شايا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ سودىنى قويۇقلاشتۇردى. غەربتە، سودا ئىشىغا پىششىق قەۋم سوغدىلار (قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا "سوغداق" دېيىلىدۇ) ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىچىلىقى بىلەن يىراق غەرب بىلەن سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتتى. بۇ خىل سودا مۇناسىۋىتى ئۇيغۇرلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە زور مەنپەئەتكە ئېرىشتۈردى ھەمدە خانلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىككىنچى، مىلادى 762-يىلى بۆگۈ خاقان (يەنە بىر ئىسمى تەڭرى خاقان، 759 — 780-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. ئۈچىنچى، يۇقىرىقى ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە شەھەر مەدەنىيىتى تېز تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشتى، مويۇنچۇر (يەنە بىر ئىسمى گېلى خاقان، 747 — 759-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) مەڭگۈ تېشىدا بۇنىڭغا دائىر ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، داۋاملىق تۈردە قەدىمكى يېزىقنى قوللىنىپ، بىرمۇنچە يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان.

مىلادى 840-يىلى ئىچكى جەھەتتە ھاكىمىيەت تالىشىش زىددىيىتى، تاشقى جەھەتتە قاتتىق تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى سەۋەبلىك، بىر ئەسىر داۋام قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى بەربات بولدى. قىرغىزلار گەرچە ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلەپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەسلى ماكانى

---

① ليۇجىشاۋ: «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇر مىللىتى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1980-يىل 1-سان، خەنزۇچە 68-بەت.

بولغان يەنسەي دەرياسىنىڭ ئوۋەن ئېقىمىغا كۆچۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئۆتۈكەن تېغىنى قايسى قەبىلە ئىگىلىۋالسا، شۇ قەبىلە ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرىدىغان ئەنئەنىسىمۇ يوقالدى.

ئۆز خانلىقىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان ئورخۇن، يەنسەي ۋادىسىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئەنجىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا جۇڭگوغا (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرى ئەتراپىغا) بېرىپ تاڭ سۇلالىسىدىن پاناھ ئىزدىدى ۋە كېيىن خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە سىلجىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا قوچۇ (ھازىرقى تۇرپان)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدا)، خېشى يۈللىكى ۋە غەربىي پامىر ئېتىكى (قەشقەر رايونى)گە بېرىپ ماكانلاشتى. شۇنداقلا بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇر، قارلۇق خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئايرىم-ئايرىم قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ھاكىمىيەتنى ئورناتتى.

تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەر ۋە ھازىرقى زامان پەن-تەتقىقات نەتىجىسى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى، مىلادى I ئەسىردىن تارتىپلا خېشى يۈللىكىدە دىڭلىڭلار ياشاپ كەلگەن. مىلادى III ئەسىردە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا نۇرغۇن دىڭلىڭلار ياشىغان. V ئەسىردە خېشى يۈللىكى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كېلىپ ياشىغان تېلېلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولغان. V ئەسىردىن تارتىپلا قوچۇ رايونىدا تۈركلىشىش، يەنى ئۇيغۇرلىشىش باشلانغان. شۇڭا «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى، قوچۇ تەزكىرىسى»، «سۈي سۇلالىسى تارىخى، غەربىي رايون تەزكىرىسى، قوچۇ تەزكىرىسى»دە، قوچۇدىكى خەنزۇ ئاھالىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى مەكتەپتە "تۈرك-ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق خەنزۇچە نوملارنى ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى، چاچ قويۇش ئادەتلىرى، تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، تويلىرىمۇ تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ

ئادەتلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ" دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. قەشقەر رايونىمۇ VIII ئەسىردە ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى قارلۇقلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن ۋە تۈركلىشىشكە يۈزلەنگەنىدى. شۇڭا ئۆز خاقانلىقىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇدۇل خېشى يۆللىكى، تۇرپان ۋادىسى ۋە قەشقەر رايونىغا كېلىشى تەسادىپىي ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

خېشى يۆللىكىگە كېلىپ ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار گەرچە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دىققەتنى تارتقۇدەك ئالاھىدە تۈسكە ئىگە مەدەنىيەت يارىتالمىدى. كېيىن بۇ خانلىق تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى، كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بارا-بارا موڭغۇل، تىبەت، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى، بىر قىسمى بولسا، ھازىرقى يۇگۇ (سېرىق ئۇيغۇر)لارنى شەكىللەندۈردى.

قوچۇ، بېشبالىق رايونىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار تېزدىنلا قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى (مىلادى 850 — 1225-يىللار)نى قۇردى ھەمدە تەسىر دائىرىسىنى قارا شەھەر، كۇچالارغىچە كېڭەيتتى. تۇرپان ۋادىسىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار "بىر پۈتۈن قەبىلە ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قالغانلىقتىن، تۇرپان رايونىنى ئۆز مىللىتى ۋە ئەسلىدە شۇ يەردە ياشىغۇچى ئاھالىنىڭ (ئەسلىدە تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئاھالىلەر ئىچىدە خەنزۇچە تارىخنامىلاردا 'قوچۇ ئۇيغۇرلىرى' دەپ خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلار زور سالماقنى ئىگىلەيتتى — تۈزگۈچىدىن) مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدارە قىلىشقا مۇۋاپپەق بولالىدى"[1]. قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا مۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىرى، مانى دىنىدىكى پىرىم چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلار[2] پەيدىنپەي ئۈزۈل-كېسىل ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئۆزگەردى. ئىككىنچىسى، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980-يىل 3-سان، ئۇيغۇرچە 36-بەت.

[2] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980-يىل 3-سان، ئۇيغۇرچە 52-بەت.

پەيدىنپەي بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆزگەردى. ئۈچىنچىسى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىغا ئومۇمىيۈزلۈك تۈردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللاندى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا يېرىم ئارالدىكى 1 ئەسىردىن ئارتىپلا «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا، بۇ يەردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققىي تاپقانىدى. بۇ ھال بۇددا دىنىدىكى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مول بايلىق بىلەن تەمىن ئەتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى داۋاملىق تۈردە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرگەننىڭ سىرتىدا، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سۈردى. سانسكرىت ۋە قەدىمكى كۈچا، قارا شەھەر تىللىرى (توخار تىللىرى) دىن بۇددا دىنىغا دائىر كلاسسىك ئەسەرلەرنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، خەنزۇ تىلىدىن پەلسەپە ۋە تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەرنى شۇنداقلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۈكسەك تەرەققىي تاپقان رەڭمۇ رەڭ قوچۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە، كادۇنادار، پراجناشرى، چىناشرى، كىنكى، سىڭقۇ سەلى، ئاسىگەچىسۇيا، قالىم كەيسى، ئاپرىنچور تېكىن، كۈل تارقان قاتارلىق ئالىم، شائىر ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقىپ، قوچۇ مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. مىلادى 1209-يىلى قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بېقىنغاندىن ئېتىبارەن قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى بەربات بولدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا، ئاشقى توققۇز ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى قارلۇقلار ئىلى، يەتتە سۇ، چۇ دەرياسى ۋادىسىدا، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنىدا بىر ھاكىمىيەت بولۇپ

ئۇيۇشقانىدى، ھەممە بۇ ھاكىمىيەت خانلىقتىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان يابغۇ نامى بىلەن ئاتالغانىدى. بۇ ھاكىمىيەت ئەينى ۋاقىتتىكى پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ تېزدىن تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، دەسلەپتە پەرغانە ۋادىسىنى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قەشقەر رايونىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئالدى. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش ۋە شەھەر ھۈنەر-كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆزگىرىپ بولغانىدى. مىلادى 840-يىلى ئۆز خاقانلىقىدىن ئايرىلغان، لېكىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە بىر ئەسىرلىك تەجرىبىگە ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قارلۇق يابغۇ ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى رايونىغا كېلىشى يابغۇ ھاكىمىيىتىنىڭ تېزدىن روناق تېپىپ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر، قارلۇق قەبىلىلىرى ئاساسىدا قۇدرەتلىك بىر چوڭ ھاكىمىيەت شەكىللىنىپ، «قاراخانىيلار» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى، قەشقەر قاراخانىيلارنىڭ قىشلىق پايتەختى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاراخانىيلار خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ۋە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھال قاراخانىيلار دائىرىسىدىكى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، كورلا قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنى ئومۇملاشتى.

ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى تۈرك-ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك تۇپەيلىدىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. لېكىن ئۇزاق تارىخىي جەرياندا داۋامىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن تۈرك-ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تامامەن ۋەيران بولۇپ

كېيىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بىر تەرەپتىن ئەنئەنىۋى تۈرك-ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلسا ۋە ئۇنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى تۈرك-ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە سىڭدۈردى. يېڭى شارائىت ۋە ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە يېڭىدىن شەكىللەنگەن بۇ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى تېز سۈرئەتتە گۈللەپ ياشنىدى. بۇ دەۋردە ئىسلام قانۇنىنى شەرھىلەش، يۇناننىڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى شەرھىلەش، تىلشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تېبابەتچىلىك، ھۈنەر-كەسىپ، قىسقىسى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش، بۇنىڭ بىلەن ئەلگە ۋە دۆلەتكە بەخت-سائادەت يارىتىش قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىغا ئايلانغانىدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا، قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولسا، قاراخانىيلار مەدەنىيىتىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلاتتى. ئىسلامدىن كېيىن ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلدى ۋە بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا قوللىنىلدى. قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بۇ يېزىقلار بىلەن دۇنياغا مەشھۇر يادىكارلىقلارنى قالدۇردى. بۇ دەۋردە چۇچۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنىدۇ)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى، ئەخمەت يۈكنەكى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تارىخشۇناس، شائىر، تىلشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقانىدى.

ملادى 1133-يىلى، قارا خىتايلار بالاساغۇننى ئىگىلەپ، ئارقىدىنلا قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار

بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى دېگىنىمىزدە، ئاساسەن، ئۇيغۇرلار يېزىق قوللانغاندىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ رايونلاردا ئىسلام دىنى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يازما يادىكارلىقلارنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ ئارىلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى تۈرك خانلىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئاساسەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇھىملىرىنىڭ كاتولوگىنى تۆۋەندىكىچە بېرىشكە بولىدۇ.

ئا: قەدىمكى تۈرك (ئۇرخۇن) يېزىقىدىكىلىرى:

(1) ئونگىن مەڭگۈ تېشى (2) تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى (3) كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى (4) بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى[1] (5) توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈ تېشى (6) مويۇنچۇر (بايانچور) مەڭگۈ تېشى (7) سۇجى مەڭگۈ تېشى (8) تىرخىن مەڭگۈ تېشى (9) ئىرق بىتىگ (پالنامە) قاتارلىقلار.

ب: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلىرى:

(1) قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى (2) ئالتۇن يارۇق

---

[1] يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەدىمكى تۈرك خانلىقى تۈرك ئاشىنا ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى. يۇقىرىدىكى ئۈچ مەڭگۈ تاش قەدىمكى تۈرك ئالىپبەسى مەنسۇپ بولسىمۇ، ۋارىسلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇلارنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

(3) مايىرى سىممت (4) چاشتانى ئىلىك بەگ (5) نوغوزنامە (6) ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى (7) شۆەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى (8) ئابدىرىھىم كوشا ۋاردى شاستىر (9) ساددا خارماپۇ دارىكا سۇترا (10) سەككىز يۇكمەك (11) ئاۋاتامساكا سۇترا (12) ئامىتابا سۇترا (13) ئارىارا جاۋاۋادگا سۇترا (14) گۈەن شىيىن پۇسار (15) مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى (16) ئىككى يىلتىز نوم (17) ئېۋاڭېلوم (18) سەنت گېمورگىنىڭ شاھادىتى (19) ئېرۇپ تەمسىللىرى قالدۇقى (20) قوچۇ شېئىر-قوشاقلىرى (21) سدخاسارا (22) كۆپ ساندىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر (قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىغا تەۋە) (23) قۇتادغۇ بىلىك (ۋېينا نۇسخىسى) (24) ئەتەبەتۇلھەقايىق (ئا نۇسخىسى) قاتارلىقلار.

س: ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلىرى:

(1) قۇتادغۇ بىلىك (مىسىر، سەمەرقەند نۇسخىسى) (2) دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك (3) ئەتەبەتۇلھەقايىق (س نۇسخىسى) (4) ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر قاتارلىقلار.

يۇقىرىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى خانلىق ۋە سۇلالە تەۋەلىكى جەھەتتىن تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) قەدىمكى تۈرك خانلىقىغا تەۋەلىرى، مەسىلەن، كاتولوگدا كۆرسىتىلگەن ئالدىنقى تۆت مەڭگۈ تاش؛ (2) قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋەلىرى، مەسىلەن، كاتولوگ ئا گۇرۇپپىدىكى 5-، 6-، 7-، 8-، 9-يادىكارلىقلار؛ (3) قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىغا تەۋەلىرى، مەسىلەن، كاتولوگ ب گۇرۇپپىدىكى 1— 24-يادىكارلىقلار؛ (4) قاراخانىيلارغا تەۋەلىرى، مەسىلەن، كاتولوگ س گۇرۇپپىدىكى يادىكارلىقلار.

مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكى بەش تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەسىلەن: «قۇتادغۇ بىلىك»، «نوغوزنامە»،

«ئەتەبەتۇلھاقايىق»، قوچۇ شېئىر-قوشاقلىرى ۋە «دىۋان» دىكى ماقال-تەمسىلەر، قوشاقلار ۋە مايىترى-سىمىت (دراما)؛ (2) تارىخقا دائىرلىرى، مەسىلەن، كاتولوگ ئا گورۇپپىدىكى 9-يادىكارلىقتىن باشقىسى، ب گورۇپپىدىكى 5-يادىكارلىق قاتارلىقلار؛ (3) دىنغا دائىرلىرى: (1) بۇددا دىنىغا دائىرلىرى، مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق»، «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «مايىترى سىمىت» قاتارلىقلار؛ (2) مانى دىنىغا دائىرلىرى، «ئىككى يىلتىز نوم»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى» قاتارلىقلار؛ (3) نېستورى دىنىغا دائىرلىرى، مەسىلەن، «ئېۋاگېلىئوم»، «سەنت گېئورگىنىڭ شاھادىتى» قاتارلىقلار؛ (4) تىلشۇناسلىققا دائىرلىرى، مەسىلەن، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «قوچۇ سۆزلۈكى» قاتارلىقلار؛ (5) باشقا مەزمۇندىكىلىرى، مەسىلەن، تېبابەتچىلىككە، ئاسترونومىيىگە، رەمباللىققا دائىر ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر.

كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يادىكارلىقلارنىڭ غوللۇق قىسمىنى ئۇيغۇر ئاپتورلار يازغان ياكى رەتلىگەن، بىر قىسمىنى، يەنى دىنغا دائىر يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنى ئۇيغۇر تەرجىمانلار تەرجىمە قىلغان.

شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر قىسمى تاش ئۇيما، مەسىلەن، مەڭگۈ تاشلار، كۆپ قىسمى قوليازمىلاردىن ئىبارەت.

## 3. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

بىز ئۆگىنىدىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» ئومۇمەن يازما يادىكارلىق تىلىدىن ئىبارەت. بۇ تىل 1-ماۋزۇدا سۆزلەنگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە ئىشلىتىلگەن، 2-ماۋزۇدا تىلغا ئېلىنغان يازما يادىكارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان تىلدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى قەدىمكى تۈركىي تىللار

تۈركۈمنىڭ ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىچىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

**فونېتىكا جەھەتتە**

1. تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىغا f، h، j ، w، ḥ ئۆزلەك تاۋۇش فونېمىلىرى قوشۇلغان.

2. تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزلەك تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا سۆز بېشىدا كۆرۈلمەيدىغان d، g، l، r، z، q قاتارلىق جاراڭلىق ئۆزلەك تاۋۇش فونېمىلىرى باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش سەۋەبى بىلەن سۆزنىڭ ھەرقانداق قىسمىدا كېلىۋېرىدىغان b، m، s، t ، ḳ قاتارلىق فونېمىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

3. تەرەققىيات جەريانىدا، قەدىمكى تېكىستلەردە كۆرۈلىدىغان تىل ئالدى، تار، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش i بىلەن تىل كەينى، تار، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش ï دىن ئىبارەت ئىككى سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى قوشۇلۇپ كەتكەن.

4. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تېكىستلەردە كۆرۈلىدىغان n، ng دىماغ تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن قوش كالپۇك، پارتلىغۇچى ئۆزلەك تاۋۇش b كېيىن قوش كالپۇك، دىماغ تاۋۇشى m غا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| bən | ——→ | mən | ——— | مەن |
| bung | ——→ | mung | ——— | مۇڭ |
| bing | ——→ | ming | ——— | مىڭ |

5. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەۋە يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ny تەرەققىيات داۋامىدا y غا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| qïqany | ⟶ | qïqay | ——— | كەمبەغەل |
| anyïq | ⟶ | ayïq | ——— | يامان |
| ķony | ⟶ | ķoy | ——— | قوي |

6. قەدىمكى سۆزلەردە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ۋە بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەن d تەرەققىيات داۋامىدا بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلىنى ساقلاپ قالغاندىن، يەنە بىر بۆلۈك سۆزلەردە g غا ئۆزگەرگەندىن باشقا، ئومۇمەن ẓ [ð] باسقۇچىنى بېسىپ y غا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

adaķķiqə, ķuduķ

(بۇ سۆزلەردە ئەسلىنى ساقلىغان)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| idiz | ⟶ | igiz | ——— | ئىگىز |
| kidiz | ⟶ | kigiz | ——— | كىگىز |

(بۇ سۆزلەردە g غا ئۆزگەرگەن)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| adaķ | ⟶ | aẓaķ | ——— | ayaķ |
| adqïr | ⟶ | aẓqïr | ——— | ayqïr |
| ķadqu | ⟶ | ķaẓqu | ——— | ķayqu |
| bədük | ⟶ | bəzuk | ——— | büyük |
| ķod - | ⟶ | ķoẓ - | ——— | ķoy - |

7. قەدىمكى سۆزلەردە سۆز ئاخىرىدا كەلگەن b تاۋۇشى تەرەققىيات جەريانىدا w جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ y غا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| əb | → | əw | → | əy |
| sub | → | suw | → | su(y) |

8. قەدىمكى سۆزلەردە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ياكى ئىككى جاراڭلىق تاۋۇش ئارىلىقىدا كەلگەن b تاۋۇشى كېيىن w غا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| yalbar | → | yalwur- |
| qubuk | → | qiwik |
| tabilqu | → | tewilqu |
| təbün | → | təwən |

9. قەدىمدە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئالدىغا h تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان بولغان. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| arduk | → | harduk |
| əl | → | həl |
| in, gan | → | hin′gan |
| id | → | hid |

10. قەدىمدە بىرىنچى بوغۇمى كەڭرى ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش a، ə دىن تەركىب تاپقان، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش u، ü دىن تەركىب تاپقان قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى a، ə سوزۇق تاۋۇشلىرى كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| yaruk | → | yoruk |
| bədük | → | büyük |

| | | |
|---|---|---|
| azuķ | → | ozuķ |
| ətük | → | ətük |

11. قەدىمدە بىرىنچى بوغۇمى كەڭرى ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش a، ə دىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭغا يانداش بوغۇمى تار سوزۇق i، ī دىن تەركىب تاپقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى a، ə تاۋۇشلىرى تەرەققىيات داۋامىدا يېرىم تار، ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش e غا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| sarīq(ķ) | → | seriķ |
| yaxīl | → | yexil |
| təngiz | → | dengiz |
| əmizgü | → | emizgü |

12. ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىر بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى a، ə شۇ سۆز قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ مەزكۇر تاۋۇشلار ئوچۇق بوغۇم ئاخىرى بولۇپ قالغاندا e غا، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى a ، ə يۇقىرىقى شەرت ئاستىدا i گە ئاجىزلىشىدىغان بولغان. مەسىلەن:

| سۆز يىلتىزى | قەدىمدە | هازىر |
|---|---|---|
| bar- | barīp | berip |
| kəl- | kəlip | kelip |
| ata- | atasī | atisi |
| əmgək | əmgəki | əmgiki |

13. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ئالدى بىلەن تەۋەلىك III شەخس بىلەن تۈرلىنىپ، ئاندىن يەنە كېلىش قوشۇمچىلىرى (ئىگىلىك

كېلىش، چۈشۈم كېلىشتىن باشقا) بىلەن تۈرلەنسە، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئارىلىقىدا n — تاۋۇشىنىڭ كۆپىيىپ قېلىشىدەك قائىدە بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېيىن يوقالغان. مەسىلەن:

əwingə (ئۆيىگە) ‹ əw + -i + -n + -gə

ilintə (ئېلىدە) ‹ il + -i + -n + -tə

aqīzlarīntīn (ئاغزىدىن) ‹ aqīz + -lar + -ī + -n + -tīn

uyasīntaķī (ئۇۋىسىدىكى) ‹ uya + -sī + -n + -taķī

kəlülünqə (كۆڭلۈگچە) ‹ kəngül + -ü + -n + -qə

iqisintəg (ئاكىسىدىن) ‹ iqi + -si + -n + -təg

14. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تېكىستلەردە سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان q، g جاراڭلىق تاۋۇشلىرى كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا ئۆزىنىڭ جاراڭسىز جۈپلىرى ķ، k گە ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| sarīq | → | seriķ |
| süzüg | → | süzük |
| andaq | → | andaķ |

15. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا بەزى تاۋۇش ياكى بوغۇملار چۈشۈپ قالغان. يەنى، قىسقىراش بولۇپ، سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئاددىيلىشىش بولغان. مەسىلەن:

| قەدىمدە | ھازىر |
|---|---|
| ķulqak | ķulaķ |
| taqīku | tohu |
| tabīx kan | tox kan |
| ķoqursaķ | ķorsaķ |

## لېكسىكا جەھەتتە

1. تـارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىتنىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بىرقەدەر چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. بولۇپمۇ باشقا تىللاردىن كۆپلەپ سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان نۇرغۇن سۆزلەر ئىستېمالدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىگىلىگەن. مەسىلەن:

| قەدىمدە | ھازىر | مەنبەسى |
|---|---|---|
| balīķ | xəhər | ئەرەبچە |
| bodun | həlķ | ئەرەبچە |
| tanuķ | guwaḩ | ئەرەبچە |
| yazuķ | gunaḩ | ئەرەبچە |
| bitik | kitab | ئەرەبچە |
| boluq | məwjudat | ئەرەبچە |
| kəzün'gü | əynək | پارسچە |
| bilgə | danixmən | پارسچە |
| əgüz | dərya | پارسچە |
| əx(~ix) | dost | ئەرەبچە |
| yaqī | düxmən | ئەرەبچە |
| ətmək | nan | پارسچە |
| qəqək | gül | پارسچە |
| ət | gəx | پارسچە |

2. يۇقىرىقى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز سىستېمىسىدا

ئۆزگىرىش بولغان. ئالايلى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان yi (yə- ~) پېئىلىنى ئاساس قىلغان yimix (~ yəmix) - مېۋە، yimixlik - مېۋىلىك باغ، yimixqi - باغۋەن، باققال سۆزلىرى بىر سىستېمىغا ئىگە ئىدى. بىراق بۇ سىستېما يۇقىرىقى سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ، مېۋە (ئەرەبچە)، باغ ياكى مېۋىلىك باغ، باققال (ئەرەبچە) دېگەن يېڭى سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سىستېمىدىن مۇشۇ سىستېمىغا ئاساس بولىدىغان بىر تۈپ سۆزنى تۇتالمايمىز.

## گرامماتىكا جەھەتتە

1. سۆز تۈرلىگۈچى ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا تەرتىپكە سېلىنىش بولۇپ، سۆز تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئومۇمەن كۆپ ۋارىيانتلىقتىن ئاز ۋارىيانتلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تېكىستلەردە ئىسىمنىڭ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى -din ، -tin ، -dīn ، -tīn ، -dun ، -tun ، -dün ، -tün ، -dan ، - tan ، -dən ، -tən شەكلىدە كۆرۈلگەن بولسا، ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا -din ، -tin شەكلىدە قېلىپلاشقان. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى، كەڭ-تارلىق، ئۇچۇق-يېپىقلىق، جاراڭلىق-جاراڭسىزلىق جەھەتتىن قاتتىق ماسلىشىپ كېلىش قائىدىسىنىڭ پەيدىنپەي سۇسلاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىگەن گرامماتىكىلىق مەنىسى ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان مەنىداش سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردا تەرتىپكە سېلىنىش بولۇپ، شۇلار ئىچىدىن بىرەرسى قېلىپلىشىپ، قالغانلىرى، بىر بولسا ئىستېمالدىن قالغان، بىر بولسا ئىپادىلەيدىغان گرامماتىكىلىق مەنىسىدە ئۆزگىرىش ياسىغان. مەسىلەن، قەدىمكى تېكىستلەردە پېئىلنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن

-duk (-tük، -dük، -tuk شەكىللىرىمۇ بار)، -iqma (-ikmə، -igmə، -īkma قاتارلىق شەكىللىرىمۇ بار)، -qan (-kən، -gən، -kan شەكىللىرىمۇ بار) قاتارلىق ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچە قوللىنىلغان، كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا بۇ ئوخشاش مەنىلىك ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچىدا تەرتىپكە سېلىنىش بولۇپ، پۈتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمى ئۈچۈن an ۋەكىللىكىدىكى قوشۇمچە قېلىپلاشقان، -duk ۋەكىللىكىدىكى قوشۇمچە پۈتكەن ئۆتكەن زامان كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان (بۇ ئۇقۇم قەدىمدە -timiz، -dimiz قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنەتتى) بولغان، -īq-ma ۋەكىللىكىدىكى قوشۇمچە بولسا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان.

3. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار تەرەققىيات داۋامىدا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇ قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان گرامماتىكىلىق مەنا باشقا قوشۇمچە ياكى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغان. مەسىلەن، قەدىمدە ھەرىكەتنى ئورۇنداشتىكى ۋاستە قىلىنغان شەيئىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋاستە كېلىش قوشۇمچىلىرى -in، in، -un، -ü، -n لەر قوللىنىلاتتى.

okïn urtï.

ئوق بىلەن ئاتتى.

bəzədim kitabni nawadir səzün.

كىتابنى نادىر سۆزلەر بىلەن بېزىدىم.

بۇ ئىككى مىسالدىكى ئاستىغا سىزىقچە سىزىلغان قوشۇمچىلار ئىسىمنىڭ ۋاستە كېلىش قوشۇمچىلىرى بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ur-، bəzə (بېزىمەك) دېگەن ھەرىكەتنى ئورۇنداشتا ۋاستە قىلىنغان شەيئىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. لېكىن كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا ھەرىكەتنى ئورۇنداشتا ۋاستە قىلىنغان شەيئى ئىسىمنىڭ ۋاستە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى "بىلەن، ئارقىلىق" قاتارلىق تىركەلمىلەر بىلەن ياكى ئىسىمنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى

(ھەرىكەتنى ئورۇنداش ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان مەنىدە كەلگەن) بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسى ئىستېمالدىن قالغان.

4. قەدىمكى بەزى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار تەرەققىيات داۋامىدا ئەسلىدىكى تەۋەلىك ۋە سان پەرقى بولماسلىقتىن، پەيدىنپەي تەۋەلىك ۋە سان پەرقى بولۇشقا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى -sar، -sər (-sa، -sə شەكىللىرىمۇ بار) قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تېكىستلەردە، ھەتتاكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىمۇ تەۋەلىك ۋە سان پەرقى بولمىغان ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| قەدىمدە | ھازىر |
|---|---|
| mən barsar | mən barsam |
| sən barsar | sən barsang |
| ol barsar | u barsa |
| biz barsar | biz barsaķ |
| sizlər barsar | silər barsanglar |
| anlar(ular) barsar | ular barsa |

5. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ، قەدىمكى بىر قىسىم سۆز ياسىغۇچى ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلار پەيدىنپەي سۆز ياساش ئىقتىدارىدىن قالغان، بۇنىڭ ئەكسىچە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنىغان -han، -gər، -dar، -dan، -waz، -sunas، -izm، -tik قاتارلىق سۆز ئارقىدىن قوشۇلىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، -na، -bi، -bət قاتارلىق سۆز ئالدىدىن قوشۇلۇپ سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار قوبۇل قىلىنغان.

6. باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش سەۋەبىدىن ئۇيغۇر تىلىدا

بىرنككەن پېئىللار كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

əskər bol- ، hæzər əylə-

həndan ur- ، azad kil-

قاتارلىقلار.

7. ئىككى خانىلىق ساناق سانلارنىڭ ئاتىلىشى ۋە تەرتىپ سانلارنىڭ ياسىلىشىدا ئۆزگىرىش بولغان. قەدىمدە ئوندىن ئارتۇق ساناق سانلار ئالدى بىلەن بىرلەر خانىسىدىكى سان ئاتىلىپ ئاندىن بىرلەر خانىسىدىكى سان كۆپەيتىپ بېرىپ تاقىلىدىغان ئونلار خانىسىدىكى سان ئاتىلىدىغان ئادەتتىن (مەسىلەن، 23 نى üq otuz ، 37 نى yiti kïrïk دەپ ئاتاشتىن) هازىرقى ئالدى بىلەن ئونلار خانىسىدىكى سان ئاتىلىپ ئاندىن بىرلەر خانىسىدىكى سان ئاتىلىشقا ئۆزگەرگەن. تەرتىپ سانلارنىڭ ياسىلىشى بولسا، ساناق سانغا -inq ، -unq ، -nq قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلىشىدىن ياسىلىشتىن هازىرقى ساناق سانلارغا -inqi ، -nqi قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسىلىشقا ئۆزگەرگەن. سېلىشتۇرۇڭ.

| قەدىمدە | هازىر |
|---|---|
| birinq | birinqi |
| tərtünq | tətinqi |
| yitinq | yəttinqi |

8. قەدىمدە هال پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ هال پېئىلى ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ئىمكانىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى پېئىل -u تەدرىجىي ئىستېمالدىن قېلىپ، بۇ خىل گراماتىكىلىق مەنا پېئىللارنىڭ ئىمكان قوشۇمچىلىرى -alə ، -ələ لەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغان.

9. سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى ئۈچۈن قەدىمدە بولۇپمۇ

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوچو ئىدىقۇتلۇقى تېكىستلىرىدە سۆپەتنى تەكرارلاپ بىرىنچىسىگە ئورۇن كېلىشنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىشتىن (مەسىلەن، ədgüdə ədgü - ناھايىتى ياخشى، aqlakta aqlak - ناھايىتى چەت) ھازىرقى ئاۋۋال سۆپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا "p" تاۋۇشىنى قوشۇپ، ئاندىن سۆپەتنى ئېيتىش بويىچە ئىپادىلەشدە ئۆزگەرگەن.

10. جۈملە شەكلىدە كۆپىيىش بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلاردا جۈملە شەكىللىرى بولۇپمۇ بېقىندا مۇناسىۋەتلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ تىپلىرى كەمچىل ئىدى، كېيىن، بولۇپمۇ قەدىمكى kim كۆرسىتىش ئالمىشىنىڭ بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە باش جۈملە بىلەن تارماق جۈملىنى باغلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن باشلاپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە تىپلىرىدە زور دەرىجىدە كۆپىيىش بولغان.

ھازىرغىچە بىز كۆرگەن يازما يادىكارلىقلاردىكى تىل ئەھۋالىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دىيالېكىت پەرقىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارىتا ئېنىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەس. بىراق شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قوچو ئىدىقۇتلۇقى بىلەن قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، قوچو ئىدىقۇتلۇقىغا تەۋە يازما يادىكارلىقلار تىلىدا، خەنزۇ، سانسكرىت، قەدىمكى كۇچا، قارا شەھەر تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ، قاراخانىيلارغا تەۋەلىرىدە بولسا، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدا بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى تۈرك تىلى تۈركۈمىنىڭ ئۇيغۇر-قارلۇق تىل تارمىقىغا كىرىدۇ دېگەنىدۇق. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا ئۇيغۇر-قارلۇق تىل تارمىقىغا خاس تىل خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئەكس ئېتىلگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭدا يەنە قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ

يەنە بىر چوڭ تارمىقى بولغان ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئەكس ئېتىلگەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان»دا بەرگەن مەلۇماتىدىن مەلۇمكى، قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرىدە تۈركىي تىللار بىر-بىرىدىن ئومۇمەن فونېتىكا جەھەتتە پەرقلەنگەن. قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرىدە تۈركىي تىللارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر-قارلۇق تارمىقىدىكى تىللار بىلەن ئوغۇز-قىپچاق تارمىقىدىكى تىللارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇنداق فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

**سۆز بېشىدا:**

1) y بىلەن j (ياكى q)نىڭ نۆۋەتلىشىشى ياكى y نىڭ چۈشۈپ قېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئۇيغۇر-قارلۇق تىللىرىدا | ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىدا | تەرجىمىسى |
|---|---|---|
| yīnqu | qīnqu | مەرۋايىت |
| yuqdu | juqdu | تۆگە جۇغدىيى |
| yilīq suw | ilīq suw | ئىللىق سۇ |

2) m بىلەن b نىڭ نۆۋەتلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| mən | bən | مەن |
| mün | bün | شورپا |

**سۆز بېشى ۋە ئاخىرىدا:**

t بىلەن d نىڭ نۆۋەتلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| təwəy | dəwəy | تۆگە |
| ət | əd | تۆشۈك |

سۆز تەركىبىدىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ۋە سۆز ياكى بوغۇم

ئاخىرىدا:

ʐ ( d نىڭ شەرتلىك ۋارىيانتى) بىلەن y نىڭ نۆۋەتلىشىشىدە

ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| /قېپىن/ دەرىخى | kayīng | kaʐīng |
| قېرىن تويدى | karīn tøytī | karīn toʐtī |

سۆز ئاخىرى ۋە ئوتتۇرىدا:

y بىلەن n نىڭ نۆۋەتلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| قوي | kon | koy |
| كەمبەغەل | qīqan | qīqay |
| قايسى نەرسە | kanu nəng | kayu nəng |

بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى ئۆگەنگىنىمىزدە بۇ نۇقتىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

## 4. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدىكى تەتقىقات

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتىن سۆز ئاچقاندا، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنى چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە زور ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ

پايتەختى قەشقەرگە قاراشلىق ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ۋە ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپتە، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى «مەدرىسى ھامىدىيە»، «مەدرىسى ساجىيە»لەردە ئالغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇ 1058-يىلىدىن باشلاپ 15 يىل تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر-كەنت، يېزا-قىشلاق، قىر-داللارنى كېزىپ يۈرۈپ ماتېرىيال توپلاپ، 1072 — 1076-يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى ئەينى ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۇسلۇبى بويىچە تۈزۈپ چىققان ۋە قايتا تەكشۈرۈپ تولۇقلىغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ياللغۇز تۈركىي، جۈملىدىن ئۇيغۇر سۆزلەملىرىنىڭ مەنىسىنى ۋە قوللىنىلىشىنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان لۇغەتلا بولۇپ قالماي، بەلكى «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى»نى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن (قاراڭ: «دىۋان» ئۇيغۇرچە، 1-توم، 5-بەت) يېزىلغان يىگانە ئەسەردۇر. ئالىم «دىۋان»دا سۆزلەملەرنىڭ مەنىلىرى ۋە ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرىنى، مەنبەسى، ياسىلىشى قاتارلىقلارنى ئىزاھلىغاندا، تۈركىي تىل، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گراماتىكىلىق قائىدىلىرىنىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي تىللارنىڭ خاسلىقلىرىنىمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىلمىي بايان قىلغان. ئالىم يەنە «دىۋان»دا ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى، ئولتۇراقلىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قالدۇرغان. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەينى دەۋرنىڭ قامۇسى دەپ ئاتىسا ھېچ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ئالىمنىڭ يەنە «جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇغاتىتتۈرك» (تۈركىي تىللار گراماتىكىسىنىڭ

جەۋھەرلىرى) دېگەن ئەسىرىمۇ بولغان، ئەپسۇسكى بۇ ئەسەر بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە، خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۈركە ئايرىلغان سېلىشتۇرما سۆزلۈك — قوچۇ سۆزلۈكىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىشلىرى ۋە تاشقى ئىشلار جەھەتتىكى تەرجىمە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن "تۆت تەرەپلىك تەرجىمە مەھكىمىسى"نى تەسىس قىلىپ، باشقا مىللەت ۋە چەت ئەل تىللىرىغا بولغان ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى كۈچەيتكەنىدى. «قوچۇ سۆزلۈكى» مانا شۇ تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۇلۇغ شائىر ۋە كاتتا تىلچى ئەلىشىر ناۋايىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دېگەن ئەسىرىدە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى بىلەن پارس تىلىنى چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت بايلىقى ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى تونۇشتۇرىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر تەتقىقات تېزدىن قولغا ئېلىندى. 1953-يىلى پروفېسسور فېڭ جياشېڭ 1946-يىلى گېرمانىيە مەملىكىتىمىزگە قايتۇرۇپ بەرگەن «بۇددا بۇيۇك تاڭ ۋاپشىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن يادىكارلىق ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ۋە يۈەن دەۋرىگە مەنسۇپ ئىككى «توختام»نى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. 1957-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تۈركىي تىللار تەتقىقات سىنىپى ئېچىلىپ قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈلدى. لېكىن كېيىن «سول» لۇشيەن ۋە 10 يىل داۋام قىلغان

مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن، بۇ ساھەدىكى تەتقىقات پۈتۈنلەي توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. "4 كىشىلىك گورۇھ"نىڭ يوقىتىلىشى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەتقىقات خىزمىتى ئېزىدىن قولغا ئېلىندى. 1976-يىلى يەنە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا قەدىمكى تۈركىي تىل سىنىپى ئېچىلىپ بۇ ساھەگە دائىر ئىختىساسلىق خادىملار تەربىيىلەندى، شۇنداقلا «قەدىمكى تۈركىي تىلى ئوقۇشلۇقى» (3 قىسىم، 6 توپلام) ۋە «قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ گراماتىكىسى» قاتارلىق دەرسلىكلەر تۈزۈلدى.

70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەتقىقات ئىشلىرى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى ۋە بۇ جەھەتتە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە، بىرىنچى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدىكى سىنىپلارغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەرسى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن قولىمىزدىكى بۇ دەرسلىك قاتارلىق دەرسلىكلەر تۈزۈلدى. ئىككىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار زور كۈچ بىلەن رەتلەندى، تەتقىق قىلىندى ۋە ئېلان قىلىندى. بۇ جەھەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى گېڭ شىمىن ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن زور نەتىجە ياراتتى. ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» (ۋېي سۈيىي بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل خەنزۇچە نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرىغا مۇقەددىمە» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل خەنزۇچە نەشرى)، «قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى شېئىرلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل

خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلىرىدە، «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى مانى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتىنى دەسلەپكى يېشىپ ئوقۇشۇم» ۋە «ئالتۇن يارۇق»، «شۋەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى»، «مايترى سىمىت» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم ياكى پارچىلىرىغا ئېلىپ بارغان تەتقىقات ماقالىلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يەنە پروفېسسور خەمىت تۆمۈر «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە) نەشر قىلدۇردى.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، 80-يىللارنىڭ بېشىدا، شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، جىددىي ۋە ئەستايىدىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۈچ تومىنى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەزمىي نۇسخىسى، نەسرىي نۇسخىسى ۋە خەنزۇچە نۇسخىسىنى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇندىن باشقا ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (ئۇيغۇرچە، 1984-يىل)نى، پروفېسسور خۇجېنخۋا «قوچۇ سۆزلۈكى» (خەنزۇچە، خۋاڭ رۇنخۋا بىلەن بىرلىكتە، 1984-يىل)نى، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى «مايترى سىمىت» نىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىنى (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، 1987-يىل) نەشر قىلدۇردى. لى جىڭۋېي ئەپەندىمۇ «مايترى سىمىت»نىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. ئۈچىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كونكرېت يادىكارلىقلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىندى. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مىر سۇلتان ئوسمانوۋ: ”XI ئەسىر ئوتتۇرا تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرىدىكى —ج[ð] ھەرپى ۋە ئۇ ئىپادە قىلغان تاۋۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە“ («ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، 1984-يىل)، تۇرسۇن ئايۇپ: ”‹كاشغەر تىلى› توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە“ («تىل ۋە تەرجىمە» ئۇيغۇرچە، 1984-يىل، 2-سان)، لى جىڭۋېي: ”قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىغا قىسقىچە بايان“ («تىل ۋە تەرجىمە»، خەنزۇچە، 1989-يىل، 1-سان)، مەترىھىم سايىت: ”قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئەر› — پېئىلى توغرىسىدا مۇلاھىزە“ («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ⟨3⟩، 1990-يىل) قاتارلىقلار.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى جەھەتتىكى تەتقىقات چەت ئەللەردىمۇ خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گېرمانىيە ئالىمى ج. كلايروت مەملىكىتىمىزدىن ياۋروپاغا تارقىلىپ بارغان «قوچو سۆزلۈكى»نىڭ قول يازمىسىغا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى تەتقىق قىلىپ، 1820-يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-يېزىقى ھەققىدە تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. 1870-يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى خ. ۋامبېرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاۋستىرىيىنىڭ ۋېنا شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ بىر قىسمىنى تەتقىق قىلىپ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلار ۋە قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن ئەسىرنى ئېلان قىلدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا روسىيىلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ رادلوف «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئوغۇزنامە» ۋە موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان «بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. بۇ دەۋردىكى تەتقىقات ئومۇمەن، چەت ئەللەردە بۇرۇندىن ساقلىنىپ كەلگەن ياكى نورمال ۋاستە ئارقىلىق بارغان يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنەتتى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ چەت ئەلدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر تەتقىقات يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقات

ئەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋۋال XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگودا مىللەتنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قاراتقان تالان-تاراجلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئارىلىقتا تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەر "ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرىنى ئېچىش" دېگەن نامالار بىلەن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىغا "ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى"نى ئەۋەتىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئۆز قوللىرىغا چۈشۈرۈۋالدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر چاررۇسىيە كۆپ قېتىم، گېرمانىيە تۆت قېتىم، ئەنگلىيە تۆت قېتىم، ياپونىيە ئۈچ قېتىم، فرانسىيە ئىككى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، دۇنيادا بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن بۇزۇلۇپ-چېچىلىپ ئاز قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتى. بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ئىچىدە قوليازمىلار زور سالماقنى ئىگىلەيتتى. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ 4-قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى شىنجاڭدىن قولغا چۈشۈرگەن يادىكارلىقلار 10 مىڭ نۇسخىغا يېتىدۇ. 3-ماۋزۇدا تىلغا ئېلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەللىكلەر قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن تىل ماتېرىيالى بولمىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا يېقىنقى 70، 80 يىلدىن بېرى چەت ئەللىكلەر ئۆزىدىكى ماتېرىيال ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنىڭ ئالدىمىزدا مېڭىپ كەلدى.

ھازىر، روسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، ياپونىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تۈركولوگىيە ئىلمى تەتقىقات جەمئىيىتى ياكى شەرقشۇناسلىق ئىلمى تەتقىقات جەمئىيىتى قارمىقىدا تۈركىي تىللار تەتقىقات بۆلۈملىرى بار. بۇ جەمئىيەت ۋە بۆلۈملەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدە

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى جەھەتتىكى تەتقىقات مۇھىم ساھە سۈپىتىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلدى، بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ناھايىتى كۆپ، بىر-بىرلەپ ئاتاپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق تۆۋەندىكى بىرقانچە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نۇقتىلىق تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

1) «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ گراماتىكىسى»: غەربىي گېرمانىيە ھامبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئاتاقلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى ئا. ۋون گابائىن ئىشلىگەن. مەزكۇر كىتابتا قەدىمكى تۈركىي تىل (جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى)نىڭ گراماتىكىلىق قائىدىلىرى تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق ئىزاھلانغان. 1941-يىلى نەشر قىلىنغان.

2) «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»: ئاتاقلىق روس تۈركولوگى س. مالوۋ ئىشلىگەن قەدىمكى تۈركىي تىل ۋە ئۇيغۇر تىلىغا دائىر مەخسۇس ئەسەر.

3) «XI—XII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈرك يادىكارلىقلىرىنىڭ گراماتىكىسى ھەققىدە مۇقەددىمە»: ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى ئا. شېرباك تۈزگەن. مەزكۇر ئەسەردە XI ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قائىدىلىرى شەرھلەنگەن. 1961-يىلى نەشر قىلىنغان.

4) «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى»: تۈركىيىلىك تۈركولوگ ئا. جاپپار ئوغلى تۈزگەن. بۇ كىتابقا قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردىن توپلانغان سەككىز مىڭچە سۆز كىرگۈزۈلۈپ تۈرك تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. 1968-يىلى ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان.

5) «قەدىمكى تۈركچە-روسچە لۇغەت»: ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگلىرى كوللېكتىپ تۈزگەن. بۇ «لۇغەت»كە قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلاردىن توپلانغان 26 مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلۈپ، بۇ سۆزلەر تەپسىلىي ئىزاھلانغان ۋە روسچە بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. 1969-يىلى نەشر قىلىنغان.

6) «VII ~ IX ئەسىردىن ئەسىرگىچە بولغان تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى يـازمـا يادىكارلىقلارنىڭ گراممانىكىسى»: ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر تۈركولوگى كونونوۋ يازغان. بۇ كىتابتا قەدىمكى تۈرك خانلىقى، قـەدىـمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۈرك-رونىك يېزىقىدا يېزىلغان يازما يـادىـكـارلـىـقـلار تـىـلـىـنـىـڭ فـونېتىكىسى، گراممانىكىسى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، يازما يادىكارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە تەتقىقات خەۋەرلىرى بېرىلگەن. 1980-يىلى نەشر قىلىنغان.

7) «قەدىمكى تۈرك يازمىلىرى»: تۈركىيە تۈركولوگى ھۈسەيىن نامىق ئۇرخۇن رەتلىگەن، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ھازىرغىچە تېپىلغان يازما يـادىـكـارلـىقلارنىڭ توپلىمى بولۇپ، بۇ توپلامغا قەدىمكى تۈرك-رونىك يـېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلىسى، ترانسكرىپسىيىسى، تۈركچە تـەرجـىـمـىسى بېرىلگەندىن باشقا، يەنە بۇ يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈكى بېرىلگەن. 1987-يىلى نەشر قىلىنغان.

* * *

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا پەيدىنپەي قېلـىـپلاشقان، زىللاشقان ۋە بېيىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فـونـېـتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاساسى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنەمەي بولمايدۇ. بۇ دەرسلىك مانا شۇ مەقسەتتە تۈزۈلگەن. ئىشىنىمىزكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەتقىقات قانچە چوڭقۇرلاشسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەتقىقات شۇنچە مول مېۋە بېرىدۇ.

## 5. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە

ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) بەربات بولۇشتىن ئىلگىرىلا، ھازىر ئىلىم ساھەسىدە "قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى" ( 回鹘文 ) دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزىقنى قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بۇ يېزىقنى تۇرپان ئويمانلىقى، خېشى يۈللىكى، قەشقەر رايونىنى مەركەز قىلغان ئۈچ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك قوللانغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر بەلگە (ھەرپ) بىر تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېلىپبەلىك يېزىق تىپىغا كىرىدىغان يېزىق. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەركىبىدە جەمئىي 18 دىن 22 گىچە ھەرپ بار. ئاساسلىق بەلگىلەر ئون ئەتراپىدا بولۇپ، قالغان بەلگىلەر بۇ ئونچە ئاساسلىق بەلگىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مەنبە جەھەتتىن، قەدىمدە ھازىرقى ئۆزبېكىستان ۋە ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى ئەتراپىدا ياشىغان سوغدىلارنىڭ يېزىقىدىن كەلگەن. سوغدى يېزىقى بولسا، ئىرامىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ( III ئەسىر ئەتراپىدا) ئەرەب ئەللىرىدە قوللىنىلغان قەدىمكى ئارامىيە يېزىقى (ئارامى يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىن كەلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا قانداق تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر دەسلەپتە ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى سوغدىلاردىن قوبۇل قىلغان، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن باشقا تۈركىي خەلقلەر قوبۇل قىلغان دەپ قارىسا، بەزىلەر بۇ يېزىقنى دەسلەپتە سوغدىلارغا زېمىن

جەھەتتىن يېقىن بولغان تۈركەشلەر قوبۇل قىلغان، ئاندىن تۈركەشلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر قوبۇل قىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسىسىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە كېسىپ بىر نېمە دېيىش قىيىن. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ يېزىقنى ئومۇميۈزلۈك ۋە ئۇزاق ئىشلەتكەنلەر ئۇيغۇرلار، بۇ يېزىقتا ئەڭ كۆپ يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغانلار ئۇيغۇرلار، بۇ يېزىقنىڭ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىشىگە سەۋەبچى بولغانلار ئۇيغۇرلار. شۇڭا ھازىر بۇ يېزىق مەيلى مەملىكىتىمىز ئىچىدە بولسۇن، مەيلى خەلقئارادا بولسۇن "قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى" دەپ ئاتالماقتا.

ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئەسلىدە قوللىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانماي، ئۇنىڭ ئورنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ؟ بۇ بەلكىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى قوللانغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا قارىغاندا، كۆپ ئىلمىي ۋە ئاسان. چۈنكى، بىرىنچى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى گەرچە ئېلىپبەلىك يېزىق تىپىغا كىرىدىغان يېزىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بوغۇملۇق يېزىقنىڭ قىسمەن ئالاھىدىلىكىمۇ بار ئىدى. ئىككىنچى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ھەرپلەرنىڭ سانى كۆپ، ھەرپلەرنىڭ ۋارىيانتلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، بەلگە سانى يۈزگە يېتىدۇ. ئۈچىنچى، يېزىش ئەپسىز، ھەرپلەرنى ئۇلاپ يازغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ھەرپنى يېزىشقىمۇ بىرقانچە قېتىم قول ئۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆتىنچى، ئىملا قائىدىسى مۇرەككەپ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يۇقىرىقى تۆت جەھەتتىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان ۋاقتىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە كەلسەك، بۇ رايونلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يېزىق قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا XIII ئەسىرلەرگىچە

ئىشلىتىلگەن: تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي ئۇيغۇر رايونىدا XIV، XV ئەسىرگىچە قوللىنىلغان، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن رايونىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاكى XVII ئەسىرگىچە قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زور رول ئويناپلا قالماي، ئۇيغۇرلار ئەتراپىدا ياشىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى توغرىسىدىكى مۇنۇ بايانىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ: "قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا، بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت-ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن." («تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 1-توم، 11-بەت).

گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا قوللىنىلىشتىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېزىق ئۆز ھاياتىنى يوقاتمىدى. XIII، XIV ئەسىر ئەتراپىدا موڭغۇللار بۇ يېزىقنى ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ يېزىقى قىلدى. XVI ئەسىردە، مانجۇلار بۇ يېزىقنى موڭغۇللاردىن ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېزىقىغا ئايلاندۇردى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى



# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ
# ئىملا قائىدىسى

**سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى:**

1. سوزۇق تاۋۇش o بىلەن u؛ ө بىلەن ü؛ i بىلەن ï لار ئىملادا ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ.

2. سوزۇق تاۋۇش ө، ü بىرىنچى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش g، k، y نىڭ كەينىدە كەلگەندە، ئومۇمەن يېزىلماي، يېزىلىدۇ.

3. ө، ü سۆزنىڭ بېشىدا ياكى بىرىنچى بوغۇمدىكى g، k، y دىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كەينىدە كەلسە قىلىپ يېزىلىپ، o، u دىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى بوغۇملاردا كەلسە، يەنىلا يېزىلىدۇ.

4. بەزى سۆزلەردە ياكى ئايرىم قوليازمىلاردا سۆز بېشىدا كەلگەن a شەكلىدە يېزىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار.

**ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى:**

1. بەزى قوليازمىلاردا k، q، h، بەلگىلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈلۈپ يېزىلسا، يەنە بەزى قوليازمىلاردا k، q، h لار پەرقلەندۈرۈلمەي بەلگىسى بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ.

2. كېيىنكى مەزگىلدىكى قوليازمىلاردا، ئومۇمەن a ياكى ə ھەرپلىرىنىڭ سول تەرىپىگە بىر سىزىق قويۇش ئارقىلىق يەنى بەلگىسى بىلەن n تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن.

3. سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن w، y ھەرپلىرى پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. ئايرىم قولىيازمىلاردىلا سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن w تاۋۇشى ئۈچۈن

بەلگىسى قوللىنىلىپ y دىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

4. s، x تاۋۇشلىرى ئومۇمەن بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلگەن. كېيىنكى مەزگىلدىكى قوليازمىلاردا: بەلگىسى ئارقىلىق x ئىپادىلىنىپ s دىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

5. ئۆزۈك تاۋۇش b، p ۋە g، k لار يېزىقتا پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. b، p ئۈچۈن ، g، k ئۈچۈن بەلگىسى قوللىنىلىدۇ.

6. d تاۋۇشى ئۈچۈن ، t تاۋۇشى ئۈچۈن بەلگىسى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئىشلىتىلىشى قالايمىقان، ئارىلاش ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋال ئېغىر.

7. ( ) z ھەرپى ئارقىدىكى ھەرپلەردىن ئايرىپ يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا تىنىش بەلگىلىرى سۈپىتىدە «..»، «:» ياكى «: :» بەلگىلىرى قوللىنىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «: :» بەلگىسى كۆپرەك ئابزاس ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلغان. مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلاردا يەنە قىزىل ياكى قارا بوياقلار بىلەن قويۇلغان «O» بەلگىسىمۇ تىنىش بەلگىسى ئورنىدا قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەسلەپتە ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلغان، كېيىنكى چاغلاردا سولدىن ئوڭغا تىك يېزىلىدىغان بولغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يادىكارلىقلار سولدىن ئوڭغا تىك يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ياغاچ ئويما باسما شەكلى، بۇددا كلاسسىكلىرى شەكلى ۋە ئىرماش شەكىل دېگەن ئۈچ خىل شەكىلگە ئىگە. ئالدىنقى ئىككى شەكىلدە يېزىلغان يادىكارلىقلار ئوقۇش ئاسانراق، كېيىنكىسىدىكىنى ئوقۇش ناھايىتى قىيىن.

[illegible]

54

[illegible]

* [illegible] ** [illegible] (?)

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] ○ [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] [[illegible]
[illegible]] [illegible] .
[illegible]
[illegible] .
[illegible]
[illegible] .
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
[illegible] . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
[illegible] . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] . . . . . . . . . . . . . .
[illegible] . . . . . . . . . . . . . . . . .
[illegible] : . . . . . . . . . . . . . . . .

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

f. 6b.

ࡄࡉࡁ ࡍࡉࡔࡌࡀࡕ ࡁ ࡖࡄࡅࡔࡉࡁ ࡌࡀࡓࡀࡁ ࡅࡌࡀࡍࡃࡀ ࡍࡃࡀࡓ
ࡄࡉࡉࡀ ࡅࡌࡀࡍ ࡌࡄࡉࡁ ࡍࡃࡀࡍࡃ ࡄࡉࡁ . ࡌࡀࡋࡊࡀ ࡌࡀࡓࡀ
ࡄࡉࡉࡀ ࡊࡃࡀࡁ ࡅࡉࡓࡀࡃࡀࡓ ࡅࡃࡉࡁ ࡄࡃࡀࡁ ࡍࡉࡓࡀࡉࡁ
ࡌࡀࡓࡃࡍ ࡍࡌࡀࡓ ࡌࡉࡍࡀࡓ ࡄࡀࡓࡉࡔࡓ ࡍࡉࡔࡀ ࡍࡃࡀࡍࡀ ࡉࡍࡃࡁ
ࡅࡀࡍࡔࡀࡓࡀࡓ ࡔࡀࡓࡀࡓ ࡄࡃࡍࡀ ࡍ ࡅࡃࡉࡓࡀࡃࡀࡓ
ࡄࡍࡁ ࡄࡀࡋࡊࡃࡀ ࡅࡔࡃࡉࡃࡀ ࡌࡀ ࡍࡃࡀࡓ ࡓࡀࡅࡉࡀ
ࡅࡉࡔࡀࡔࡀ ࡄࡀࡓࡉࡁ ○ ࡍࡉࡋࡃࡁ ࡌࡀࡍࡀ ࡍࡃࡀࡓ .
ࡍࡉࡁ ࡅࡄࡔࡁ ࡌࡀࡍࡉࡔࡓ ࡍࡃࡀࡍࡃ ࡅࡉࡓ ࡍࡌࡀࡔࡋࡊ
ࡍࡉࡔࡌࡀࡊࡁ ࡍࡔࡋࡊࡃࡀ ࡉࡔࡃࡀࡓ ࡅࡄ ⁘ ࡌࡀࡋࡊࡀ ࡌࡀࡓࡀ
ࡅࡀ ࡌࡀࡓࡀࡁ ࡉࡁ ࡍࡃࡀࡁ ࡍࡃࡌࡀࡌ ࡌࡀࡓࡀࡁ
ࡄࡀࡓࡀࡄ ࡁ ࡔࡉࡓ ࡍࡌࡀࡔࡋࡊࡔࡁ ࡊࡃࡌࡀࡋ ࡄࡀࡓࡄ ࡅࡉࡃࡓ ࡅࡄ
ࡍࡃࡀࡓ ࡌࡀࡓࡉࡓ ࡉࡁ ࡍࡃࡀࡁ . ࡔࡃࡀࡋࡊ ࡌࡀࡓࡀ ࡌࡉ
ࡄࡀࡅࡃࡀࡓ ࡍࡃࡔࡀ ࡅࡉࡃࡓ . ࡅࡉࡃࡀࡁ ࡉࡓࡀࡓࡉࡍ ࡌࡀࡃࡀࡁ
ࡍࡃࡔࡀ ࡅࡉࡃࡀࡁ ࡍࡃࡔࡀ ࡔࡀࡋࡉࡄࡔࡁ ࡍࡃࡔࡀ ࡉࡍࡔࡀ ࡍࡃࡔࡀ
ࡃࡍࡀࡌࡀࡓ ࡃࡉࡍࡄࡀࡓ ࡌࡀࡄࡔࡀࡋ ࡔࡍࡁ ࡍࡃࡔࡀ ࡌࡉࡓࡀࡄ
ࡉࡌࡀࡔࡋࡀࡁ . ࡌࡀࡋࡃࡀࡋ ࡍࡉࡁ ࡉࡓ ࡍࡃࡁ ࡍࡃࡄࡔࡀ
ࡅࡉࡃࡓ . ࡄࡌࡀࡓ ࡄࡃࡀࡓࡀࡄ ࡔࡓ ○ ࡍࡃࡀࡓࡀࡁ ࡌࡔࡁ ࡔࡋࡊࡓ
ࡌࡀࡃࡀࡓࡅࡃࡀࡓࡃࡉࡃࡀ ࡄࡓ ࡅࡉࡃࡓ ࡔࡃ ࡍࡉࡔࡓࡃࡀࡓࡃࡀࡓ ࡅࡄ
ࡌࡀࡋࡊࡀ ࡌࡀࡓࡀ . ࡅࡄ ࡁࡍࡃࡀࡓ ࡔࡋࡊࡃࡀ ࡍࡃࡀࡌࡀࡃ ࡍࡃࡀࡓ
ࡋࡊ ࡉࡁ ࡉࡔࡋࡊࡃࡁ ࡌࡀࡓࡓ ࡍࡌࡀࡍࡃࡄࡌ ࡄࡁ
ࡍࡃࡍࡁ ࡌࡀࡓࡀ ࡌࡀࡋࡊࡀ . ࡅࡄ ࡉࡃࡍࡃࡔࡓ ࡍࡌࡄࡃࡓ ࡉࡌࡓ
ࡌࡀࡃࡀࡓࡀࡃࡀࡓ ࡅࡍࡃࡄࡃࡀࡓࡀࡃࡀࡓ ࡔࡉࡔࡓࡃࡀࡓࡃࡀࡓ ࡔࡃ
ࡉࡃࡀࡓ ࡔࡃࡀࡓࡔࡓ ࡁࡃࡀࡔࡃࡀࡓࡔࡓ ࡓࡀࡓࡉࡔࡀ ࡄࡍࡁ ࡍࡃࡌࡃࡀࡓ 66

# قوچۇ ئىدىقۇتلىقىغا دائىر يادىكارلىقلار

## ئەقلىيە

1. Bilig biling ya bəgim
Bilig sanga əx bolur
Bilig bilgən ol ərkə
Bir kün dəwlət tux bolur

2. Biliglig ər bilingə
Tax ⱪorsansa ⱪax bolur
Biligsizning yaniqa
Altun ⱪoysa tax bolur

3.ⱪilmaqu ⱪiliⱪlarni
Axnuqə sanmix kərək
Sanmadin ⱪilmixta kin
Nətəgin tanmix kərək

4. Ayipsiz tixikə ər
Boyunin sunmix kərək

Ol andaq tüzün birlə
Tirklik kilmix kərək

5. Akikət bolsa tüzün
Anga jan bərmix kərək
Məngi qin ol məngi ok
Takī nə aymix kərək

6. Ix kilqu əygü ixni
Kərkitür kəni yolnī
Kəsmənglər əgri talnī
Təbəsintə miwə bar

(بانگ بىلەن رەخمەتنىڭ 1933-يىلى ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «ئۇلۇغ ئاسىيا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان "قەدىمكى تۈرپان قوشاقلىرى" دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.)

* * *

7.Ə rdəmlig kixi ərdin birlə tüz ol
Ə rdəmsiz kixi ətük iqinkəki ulyak birlə tüz ol

8. Bəgimsinməyük bəg bolsar bəltir sayu bəlgəsalur
Atakimsinmayuk atiq bulsar art sayu mayakayur

9. Buyanlïq kixi burhanlar birlə tüz ol
Buyansïz kixi buķ baķïr birlə tüz ol

(رەخمەتنىڭ «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلغان «تۇرپانىدىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسەرىدىن ئېلىندى. 7-توپلام، 54-بەت)

## سۆزلۈك ①

| | | |
|---|---|---|
| 1. art | 8.2 | (1) ئارقا، كەينى؛ (2) تاغ ئۆتكىلى، جىلغا |
| 2. at | 8.4 | ئىسىم، ئات، نام |
| 3. ata ķïmsïnmayuķ | 8.2 | ئاتىقى چىقمىغان |
| 4. axnu | 3.2 | ئالدى بىلەن |
| 5. ay- | 5.4 | ئېيتماق، سۆزلىمەك |
| 6. baķïr | 9.2 | مىس |
| 7. bil | 2.1 | بەل |
| 8.bil- | 1.1 | بىلمەك، ئۆگەنمەك |
| 9. bilig | 1.1 | بىلىم، ئەقىل-پاراسەت |
| 10.bul- | 8.2 | ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك |

① 1. دەرسلىكنىڭ "سۆزلۈك" قىسمىغا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يوق ياكى ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىغان، ئاۋۇش ۋە مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغان سۆزلەر كىرگۈزۈلدى.
2. سۆزلەر يېڭى يېزىقنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. تىل ئارقا سوزۇق ئاۋۇش "ï" بىلەن باشلانغان سۆزلەر سۆزلۈكنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى.
3. بەزى سۆزلەرنىڭ ۋارىيانتلىرى "~" بەلگىسى بىلەن تىرناق ئىچىگە ئېلىپ بېرىلدى.
4. سۆزلەرنىڭ كەينىدىكى ئەرەبچە سانلار شۇ سۆز تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن قۇر (ياكى كۇپلېت ۋە مىسرا)نى كۆرسىتىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| 11.burhan | 9.1 | بۇرخان، بۇت |
| 12.buyan | 9.2 | ساۋاب، ياخشىلىق |
| 13.buyansïz | 9.2 | ئەخلاقسىز، ئەدەبسىز |
| 14.bu ķ | 9.2 | (1) بوغۇز، گال؛ (2) ئۈششۈق؛ (3) پوق |
| 15.bəgimsinməyük | 8.1 | ئەمەل تۇتمىغان، ئەمەلسىرگەن |
| 16.bəltir | 8.1 | بەلتىر، دوقمۇش |
| 17.kin | 3.3 | كېيىن |
| 18.kərək | 3.2 | كېرەك |
| 19.keni | 6.1 | توغرا، چىن |
| 20.maya ķla- | 8.2 | (1) ماياقلىماق؛ (2) بەلگە سالماق |
| 21. məngi | 5.3 | (1) خۇشاللىق، سۆيۈنۈش؛ (2) ئەبەدىي، مەڭگۈ |
| 22.nə | 5.4 | نېمە |
| 23.nətəgin | 3.4 | نېمىشقا |
| 24.ol | 13 | (1) ئۇ؛ (2) -دۇر، -تۇر |
| 25.o ķ(~ek) | 5.3 | -لا، -لە (يۈكلىمە، تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ) |
| 26.san- | 3.2 | ئويلىماق |
| 27.sayu | 8.1 | ھەربىر، ھەرقايسى، ھەر تەرەپ |
| 28.ta ķï | 5.4 | يەنە |
| 29.tixi | 4.1 | ئايال، چىشى |
| 30.tux | 1.4 | يار، ھەمراھ |
| 31.tüzün | 4.3 | تۈز، كەمتەر، مۇلايىم |

| | | |
|---|---|---|
| 32. ulyaķ | 7.2 | پېتەك |
| 33. ya | 1.1 | ھەي |
| 34.ķax | 2.2 | ياقۇت، قاش تېشى |
| 35.ķorsan- | 2.2 | قىستۇرماق، تۇگمەك |
| 36.ərdin | 7.1 | گۆھەر |
| 37.ərdəmlig | 7.1 | پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق |
| 38.əx(~ix) | 1.2 | ھەمراھ، يار، دوست |
| 39.əygü(~ədgü) | 6.1 | ياخشى، ئوبدان، ئەزگۈ |

## ئىزاھ [1]

1. قوچۇ (قەدىمكى تۇرپان) شېئىر-قوشاقلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە:

قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار شانلىق قوچۇ مەدەنىيىتىنى اراتقان. قوچۇ شېئىر-قوشاقلىرى مانا شۇ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نۇر چاقناپ ۇرىدىغان مىللىي مىراسلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

قوچۇ شېئىر-قوشاقلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنى كەڭ، شەكلى خىلمۇ خىل، تىلى يارقىن.

قوچۇ شېئىر-قوشاقلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يالغۇز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى-

[1] 1. ئىسلىملىق ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يوق، ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بىلەن ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان گىراماتىكىلىق ئۇقۇملارغا، جۈملىدىن بەزى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ئۇقۇملارغا ئىزاھ بېرىلدى.

2. ئانچە تونۇش بولمىغان شەخس، يەر نامى، قەبىلە ۋە زور ۋەقەلەرگە، يادىكارلىقلارنىڭ ئاپتورلىرى ۋە يېزىلغان ۋاقتى قاتارلىقلارغىمۇ قىسقىچە ئىزاھ بېرىلدى.

ـدىكى بەزى قاراگغولۇقلارنى يورۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمە-
يەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى
يورۇتۇشىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دەرسلىكىمىزگە نەمۇنە سۈپىتىدە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان چەت ئەل ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان قوچۇ شېئىر-قوشاقلىرىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ كىرگۈزدۇق.

2. «ئەقلىيە» 2.8 ata ķimsinmayuķ (ئاتىقى چىقمىغان) : بۇ سۆز شەكلىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ataķ (ئاتاق، ئابروي) بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىسىمدىن (تۈرغۇن سۆزلەردىن) پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە -imsin (~-imsin-) قوشۇلۇپ ataķi msin- (ئاتىقنى چىقىرىشقا ئىنتىلمەك، ئاتىقنى چىقىرىشقا تەمشەلمەك) شەكلىنى ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە پېئىلنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى -ma (~-mə-) ۋە پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى -yuķ (~-yük-) قوشۇلغان. «ئەقلىيە» 1.8 دىكى bəgimsinməyük نىڭ تۈزۈلۈشىمۇ ata ķimsimayuķ بىلەن ئوخشاش.

3. «ئەقلىيە» 1.1 -ig : پېئىلدىن ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ قاتتىق ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن، بۇ قوشۇمچە تۆۋەندىكى شەكىللەرگە ئىگە:

-aq, -aķ, -əg, -ək, -ïq, -ïķ, -ig, -ik,
-q, -ķ, -g, -k, -uq, -uķ, -üg, -ük

«ئەقلىيە» 1 bilig (بىلىم) bil-> (بىلمەك، ئۆگەنمەك +-ig-تىن، «ئەقلىيە» 3 دىكى ķilïq (قىلىق) ķil- (قىلماق، ھەرىكەتلەنمەك) +-ïķ-تىن كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا بۇ قوشۇمچىلا-ردىن ياسالغان سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

kapaq (ئىشىك) ķap-> (ياپماق) +aq-

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| -q+ | (ئورۇنلاشماق) | orna-) | (تەخت، ئورۇن) | ornaq |
| -īq+ | (قاتماق) | ķat-) | (قاتتىق) | ķatīq |
| -k+ | (چوڭ بولماق) | bədü-) | (بۈيۈك) | bədük |
| ig+ | (سۆيمەك) | səw-) | (خوتۇن) | səwig |

ھازىرقى ئىستېمالدىكى sozuķ، yaylaķ، yoruķ، buzuķ قاتارلىقلارمۇ بۇ تۈرگۈن سۆزلەرنىڭ پېئىل ئۆزەكلىرىگە يۇقىرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.

4. «ئەقلىيە» ol 3: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز بىرقانچە مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

1) كىشىلىك ئالماش بولۇپ كېلىپ "ئۇ" دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. مەسىلەن:

Ol bu yərig ķīxlaqlantī.

ئۇ بۇ يەردە قىشلىدى.

2) كۆرسىتىش ئالماش بولۇپ كېلىپ "ئۇ، ئاشۇ" دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. مەسىلەن:

Ol sabīq əxitip...

(ئۇ) ئۇ سۆزنى ئاڭلاپ...

3) ئىسىم (ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر) خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە، خەۋەردىن كېيىن كېلىپ ھۆكۈم، كېسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

Bu nixan mən tanuq yaraq sīlqanīng ol.

بۇ تامغا مەنكى گۇۋاھچى ياراغ سىلغانىڭدۇر.

5. «ئەقلىيە» qu 1.3 (-kü، -gü، -ku) ھەرىكەتنامە قوشۇمچىلىرى بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ نامىنى، جەرياننى ياكى ۋۇجۇتقا چىقىشقا تېگىش-

لىك ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئەقلىيە» 1 kilma->kilma qu -qu+ دىن كەلگەن بولۇپ ”قىلمايدىغان، قىلماسلىققا تېگىشلىك“ دېگەن مەنىدە.

6. «ئەقلىيە» 3.3 -mix (-mix) : سۈپەتداش قوشۇمچىسى. «ئەقلىيە» 3.3 تىكى kil-kilmix دېگەن پېئىلنىڭ يۇقىرىقى قوشۇمچە بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى. بۇ قوشۇمچە ئومۇمەن پۈتكەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. kilmix = قىلغان.

7. «ئەقلىيە» 3.3 -ta (-tə، -da، -də) : ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن كېلىش ئۇقۇمى ھەرىكەت يۈز بەرگەن ئورۇن، ۋاقىت، مەسىلەن: bali qta (شەھەردە)، ədd ə (ۋاقىتتا) قاتارلىقلارنى بىلدۈرگەننىڭ سىرتىدا، يەنە ھەرىكەتنىڭ چىقىش مەنبەسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. «ئەقلىيە» 3.3 تىكى kilmixta دا -ta چىقىش كېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن، kilmixta kin = قىلغاندىن كېيىن. شۇڭا بەزىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى -da، -ta، -də، -tə نى ئورۇن-چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتايدۇ.

8. «ئەقلىيە» 2.4 -n (-īn، -in) : ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچىلار ئومۇمەن، تەۋەلىك بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم ئۆزەكلىرىگە قوشۇلىدۇ.

«ئەقلىيە» 2.4 دىكى boyunin (بويىنىنى) > boyun (بويۇن) -ī+ (تەۋەلىك Ⅲ شەخس قوشۇمچىسى) +n- دىن كەلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بۇ قوشۇمچىلار شېئىر ۋە ماقال-تەمسىللەردىلا ئۇچرايدۇ.

9. «ئەقلىيە» 1.6 -gü (-kü، -qu، -ku) : پېئىلدىن ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە. «ئەقلىيە» 1.6 دىكى əygü (ədgü) < əy- (~ əd-) ياخشىلانماق، ئەي بولماق + gü- دىن كەلگەن. يادىكارلىقلاردىكى ayqu (مەسلىھەتچى) < ay- (سۆزلىمەك) +qu-، tari

qu (تېرىلغۇ) < tarï- (تېرىماق) + qu- دىن كەلگەن. ھازىرقى ئىستېمال-
-مىزدىكى ilqu، emizgü، səzgü قاتارلىق سۆزلەر يۇقىرىقى ئاساستا
ياسالغان.

10. ئىسىملار كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە "n-" تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەۋەلىك III شەخس بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار (ئاتاشلار) يەنە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن (ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىشتىن باشقا) تۈرلەنگەندە، III شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئارىلىقىدا "n-" تاۋۇشى پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال بار ئىدى. «ئەقلىيە» 4.6 تىكى təbəsintə دېگەن سۆز شەكلىنىڭ تەركىبىدىكى "n-" شۇ سەۋەبتىن قوشۇلۇپ قالغان.

11. «ئەقلىيە» 1.7 dəm- (dam-): ئىسىمدىن ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە. «ئەقلىيە» 1.7 دىكى ərdəm (پەزىلەت، ئەخلاق) ər (ئەر) + dəm- دىن كەلگەن.

12. «ئەقلىيە» 2.7 lig- (līq-، līk-، luq-، luk-، lüg-، lük-) ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى ئۈنۈملۈك قوشۇمچە. «ئەقلىيە 2.7 دىكى ərdəmlig (ئەخلاقلىق) ərdəm + lig- دىن، «ئەقلىيە» 1.9 دىكى buyanlīq (ساۋابلىق) buyan (ساۋاب) + līq- دىن كەلگەن. ھازىرقى تىلىمىزدا بۇ قوشۇمچىلار lik-، lik- كە قېلىپلاشقان.

13. «ئەقلىيە» 2.8 īq- (ig-، īk-، ik-، uq-، üg-، q-، g-) ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ يەنە بىر خىلى. «ئەقلىيە» 2.8 دىكى atīq (نامنى) at (نام) + īq- دىن كەلگەن. تىل تەرەققىياتى داۋامىدا چۈشۈم كېلىشنىڭ بۇ بىر يۈرۈش قوشۇمچىلىرى ئىستېمالىمىزدىن چۈشۈپ قالغان.

14. «ئەقلىيە» 2.9 buyan- ساۋاب: بۇددا ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى buyan دىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىغا دائىر يادىكارلىقلاردا

كۆپ ئۇچرايدۇ. كېيىن بۇ سۆز ئاساسىدا يەنە تۆۋەندىكى سۆزلەر ياسىلىپ
كەڭ قوللىنىلغان.

| | | | |
|---|---|---|---|
| buyanla- | ساۋابلىق قىلماق | buyanlïq | ساۋابلىق |
| buyanqï | ساۋابلىق قىلغۇچى | buyansïz | ساۋابسىز |

# شۇنداق ئورۇنلاردا[1]

1. Alⱪuzu turur ⱪat ⱪat taƣda
Amīl aƣlaⱪ aranyatanta
Artuq səgüt altīnta
Aⱪar suwluⱪta
Amranqīƣīn uqdaqī ⱪuxⱪīalar
Tirinlik ⱪuwraƣlīⱪta
Atⱪaqsīzīn məngi təgingülüg ol
Anī təg orunlarta

2. Iq təring ⱪat bük taƣda
Irkəki səki aranyatanta
Idiz tikin ⱪayalīⱪbasquⱪluq ərip
Idi tikisizdə
Imirt qoƣurt səgüt arasīnta
Inqkə kiə suw ⱪidīƣīnta

① شېئىرنىڭ ھەربىر كۇپلېتىنىڭ ئاخىرىدا "anī təg orunlarda" تەكرارلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى «شۇنداق ئورۇنلاردا» دەپ بېكىتىپ قويدۇق.

Ilinməksizin dyan oluruƣuluⱪ ol
Anī təg orunlarta

3. Səling bulung təring taƣda
Səwiglig aranyatanta
Səwrəlip aⱪar suwluƣ ərip
Səp səm aƣlaⱪta
Səkiz türlüg yiillər üzə təprəmədin
Sərilip anta
Sərə yalnguzīn nom məngisin təgingülüg ol
Anī təg orunlarta

4. Kɵkərip turur kɵrklüg taƣda
Kɵngül yaraxī aƣlaⱪ orunta
Kɵp yigi təlim sɵgütlüg ərip
Kɵkirip turur kɵlmən suwluⱪta
Kɵz baxlap ⱪaqiƣlarīn yīƣīnīp
kɵzünmix bililmixqə orunlarta
Küsənqigsizin məngi təgingülüg ol
Anī təg orunlarta

(بۇ شېئىر پارچىسى ھازىر ئەنگلىيىنىڭ ئۇلۇغ برىتانىيە مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ستەيىن دۇنخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرۈپ ئالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى. نومۇرى ئۇر 〈or〉 8212

(108) ، 1-بەت).

# سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| 1. alkuzu | 1.1 | ھەممە، بارلىق |
| 2. amranqiq | 1.5 | خۇشال |
| 3. amil | 1.2 | تىنچ، جىمجىت |
| 4.ani | 1.8 | شۇنداق، مۇنداق |
| 5. artuq | 1.3 | ئارچا |
| 6. atkaqsiz | 1.7 | غەم-ئەندىشىسىز |
| 7. aqlak | 1.2 | (1) خىلۋەت، چەت؛ (2) تەنھا، يالغۇز |
| 8. basqukluq | 2.3 | يەكپارە، تاغ پارچىسى، قىيا |
| 9. dyan | 2.7 | ئويلىنىش، خىيال، ئوي، دىيان، بېرىلىش |
| 10.idiz | 2.4 | ئېگىز |
| 11.ilinməksiz | 2.7 | غەۋغاسىز، جىمجىت |
| 12.imirt | 2.5 | ئىمرت دەرىخى |
| 13.inqkəkiə | 2.6 | ئىنچىكىگىنە |
| 14.irkəki səki | 2.2 | قەدىمكى، بۇرۇنقى، پۇشتى |
| 15.kəlmən | 4.4 | سۇلۇق، كۆل كۆپ |
| 16.kəngül yaraxi | 4.2 | كۆڭۈلگە ياقىدىغان |
| 17.küsənqig | 4.7 | ئارزۇ، ئىستەك |
| 18.kəzün- | 4.6 | كۆرۈنمەك |
| 19.olur- | 2.7 | ئولتۇرماق، جايلاشماق |

| | | |
|---|---|---|
| 20. qoqurt | 2.5 | چوغۇرت دەرىخى |
| 21.səkiz türlüg yiil | 3.5 | ھەرقانداق شامال |
| 22. səling | 3.1 | يىراق |
| 23.səp səm | 3.4 | جىمجىت |
| 24.sər- | 3.6 | سەۋر قىلماق، چىدىماق |
| 25.səril- | 3.7 | تۇرماق، سىرىلماق |
| 26. səwrəl- | 3.3 | ئاستا ئاقماق، سۆرەلمەك |
| 27.səgüt | 1.3 | (1) دەرەخ؛ (2) سۆگەت |
| 28.tikin | 2.3 | تىك |
| 29.tikisiz | 2.4 | شاۋقۇنسىز، گۈلدۈر-تاراقسىز |
| 30.tirinlik | 1.6 | يىغىلىدىغان جاي |
| 31.-təg | 1.8 | -دەك، -تەك |
| 33.təprə- | 3.5 | (1) ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك؛ (2) يەتمەك، تەگمەك، تەۋرىمەك |
| 34.təring | 2.1 | چوڭقۇر |
| 35.yalnguz | 3.7 | يالغۇز، تەنھا |
| 36.yig | 4.3 | (1) ياخشى؛ (2) خام |
| 37.yīqīn- | 4.5 | (1) يىغماق، يىغىشتۇرماق؛ (2) تەھدىت سالماق، ھۇجۇم قىلماق |
| 38.ķaqīq | 4.5 | ئۇغرى، قاچقۇن |
| 39.ķayalīķ | 2.3 | قىيالىق |
| 40.ķuwraqlīķ | 1.6 | قۇرۇقلۇق |
| 41.ķuxķīa | 1.5 | قۇش |
| 42.kīdīq | 2.8 | قات، بوي، چەت |
| 43.ər- | 2.3 | ھۆكۈم ياردەمچى پېئىلى |

44. üzə 3.5 (1) ئۈست؛ (2) ـدە، ـتە

## خاس ئىسملار

Aranyatan 1.21. ئارانياتان

## ئىزاھ

1. «شۇنداق ئورۇنلاردا» 2.1 aranyatan: بۇ سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئەسلى "ئورمان، ئورمانلىق" دېگەن مەنىدە، بۇ شېئىردا خاس ئىسىم ئورنىدا كەلگەن.

2. «شۇنداق ئورۇنلاردا» 5.1 -ïq (-ïk، -ig، -ik): ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن (ئاساسەن سۈپەتتىن) ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنى (ئاساسەن ئىسىم) ياسىغۇچى قوشۇمچە. «شۇنداق ئورۇنلاردا» 5.1 دىكى amranqïq سۆزى -amranq (شادلىق، خۇشاللىق) دېگەن ئىسىمغا -ïq نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. «شۇنداق ئورۇنلاردا» 7.4 دىكى küsənqig سۆزى - küsənq (ئارزۇ، تىلەك) دېگەن ئىسىمغا -ig نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.

3. ۋاستە كېلىش توغرىسىدا: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىدە "ۋاستە كېلىش" تىپى بار، ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرى -n، -in، -ïn، -un، -ün، -an، -ən دىن ئىبارەت. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاستە كېلىش ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتىكى ۋاستە، ئۇسۇل، ھالەت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

(كىتابنى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر bəzədim kitabni nawadir səzün بىلەن بېزىدىم) دېگەن شېئىر جۈملىدىكى ṣəz - səzün نىڭ ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسى ün- بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ -bəzə دېگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتىكى ۋاستىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

«شۇنداق ئورۇنلاردا» 5.1 تىكى amranqī qīn مۇ amranqī q دېگەن ئىسىمنىڭ ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسى īn- بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، -uq دېگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىكى ھالەتنى كۆرسىتىپ كەلگەن. سېلىشتۇرۇڭ:

amranqī qīn uqdaqī kux kīalar

شادلىق بىلەن ئۇچقۇچى قۇشلار

4. «شۇنداق ئورۇنلاردا» 5.1 -daqī(-təqi) : پېئىلنىڭ پۈتمىگەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ، چوقۇم يۈز بېرىدىغان ياكى چوقۇم ۋۇجۇتقا چىقىرىلىشى زۆرۈر بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

«شۇنداق ئورۇنلاردا» 5.1 تىكى uqdaqī (ئۇچىدىغان، ئۇچقۇچى) <-uq(ئۇچماق) + -daqī دىن كەلگەن.

5. «شۇنداق ئورۇنلاردا» 7.1 -gülük(-külük، -quluk، -kuluk) : پۈتمىگەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكى ۋە ئىشلىگۈچىنىڭمۇ شۇ ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداش قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

Ol bar quluk ərdi.

ئۇنىڭ بېرىشى كېرەك ئىدى.

بۇ شېئىردىكى olur-، təgin-، olur quluk، təgingülük پېئىللىرىغا يۇقىرىقى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان سۈپەتداشلار-دۇر.

هازىر بۇ قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. بەزىلەر بۇ قوشۇمچىنى پېئىلنىڭ زۆرۈرىيەت رايى قوشۇمچىسى دەپمۇ ئاتايدۇ.

6. «شۇنداق ئۇرۇنلاردا» 2 -qī(y)، -gi(y)ə، -ķī(y)a، -kiyə: سۈپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە قوشۇمچىسى بولۇپ، سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئامراقلىق، كۆچەيتىش ياكى كىچىكلىتىش ھېسسىياتىنى كىرگۈزىدۇ. «شۇنداق ئۇرۇنلاردا» 6.2 دىكى inqkəkiyə، inqkə (ئىنچىكە) دېگەن سۈپەتكە -kiyə نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ يەردە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى كۆچەيتىش مەنىسىدە كەلگەن.

7. «شۇنداق ئۇرۇنلاردا» 7.2 -mək (-maķ): پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، پېئىلنىڭ -maķ ھەرىكەتنامە قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش، يەنى شۇ قوشۇمچىدىن تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بۆلۈنۈپ چىققان. «شۇنداق ئۇرۇنلاردا» 7.2 دىكى ilinmək (ئېسىلىش) (ئېسىلماق) ilin- + -mək تىن كەلگەن. ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى ilmək، ķīrmaķ (ķizmaķ) قاتارلىقلارمۇ شۇ ئاساستا ياسالغان.

8. «شۇنداق ئۇرۇنلاردا» 7.2 dyan: بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى dhyana ("سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش، يامانلىقتىن ۋاز كېچىش" مەنىسىدە) دىن كەلگەن. ئۇ بۇددىستلارنىڭ تۈيغۇسىدىكى چوڭقۇر ئوي-خىيالنى كۆرسىتىدۇ.

9. «شۇنداق ئۇرۇنلاردا» 5.3 səkiz türlüg yiil (ھەرقانداق شامال): شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال ۋە شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب، جەنۇبىي شىمال يۆنىلىشلىرىدىن چىقىدىغان شاماللارنى كۆرسىتىدۇ. سۆزلۈكتە "ھەرقانداق شامال" دەپ ئىزاھلاندى.

10. «شۇنداق ئۇرۇنلاردا» 5.3 üzə: تىركەلمە، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە تىركىلىپ كېلىپ، تۈرلۈك گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى üzə نىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ.

Sizlər üq türlüg saķīnq üzə kirtingizlər.

سىلەر ئۈچ تۈرلۈك ئوي بىلەن كىردىڭلار.

tardux bodun üzə xad ərtim.

تاردۇش خەلقى ئۈستىدە شاد بولۇپ ئولتۇرغانىدىم.

aqmaķ suwsumaķ üzə sīķīlīp …

ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن قىينىلىپ…

11. «شۇنداق ئورۇنلاردا» 6.4 kөz baxlap ķaqīqlar - كۆز باشچىلىقىدىكى ئوغرىلار: بۇ بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، بەزى يادىكارلىقلاردا altī ķaqīq -"ئالتە ئوغرى" دەپمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ كۆز، قولاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن ۋە مېڭە (تەپەككۇر) دىن ئىبارەت ئالتە سەزگۈ ئەزانى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنىدا بۇ ئالتە نەرسە تىنىلىقلارنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىدىكى تۈپكى سەۋەب دەپ قارىلىدۇ.

# تۇغقانلارنى سېغىنىش

1. Aķlar bulīt ərləp kəkirəp
Alķuķa mu ķar yaqurur
Aķ bir saqlīq ķarī anam
Aqīyu mu yaxlarīn aķīdur

2. Ķaralar bulut ərləp kəkirəp
Ķar mu yamqur ol yaqurur
Ķarī yaxlīq ol anam
Ķayquta mu yaxīn aķīdur

3. Yazķī bulut yaxlap kəkirəp
Yamqurlar mu ol yaqīdur
Yaxī kiqig alqanlarīm
Yaxlarīn mu aķīdur

4. Küzki bulīt kəkirəp ərləp
Kəp mu yamqur ol yaqīdur
Kəngül taxīm iki kiqig
Kəz yaxlarīn mu ol aķīdur

5. Adaylarīm ķaqma ķulun
Atam ķayda tər mü ərki
Amraķ toqmīx ini kəlin
Aqam ķayda tər mü ərki

6. Bəldə turqan bix on aqlan
Bəgim ķayda tər mü ərki
Bəzəkliktə ķīzlar ķīr ķīn
Bərtər mü kəngülin (ərki )[1]

7. Ķatta turqaq ol oqlan
Ķayda bəgim tər mu ərki
Ķuquxluq künni kəsəp
Ķayqu (da biz tər mu) ərki

(بانگ بلەن رەخمەتنىڭ ئەنگلىيدە چىقىدىغان «ئۇلۇغ ئاسىيا» ژۇرنـــىلىدا ئېلان قىلغان ”قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى“ دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى).

## سۆزلۈك

1. aday (~atay) 5.1 (1) قۇش باللىرى؛ (2) ئەتىۋارلىق

① تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر ئەسلى قولىيازمىدىكى ئۆچۈپ كەتكەن سۆزنىڭ ئورنىغا كونتېكىستىقا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۆزلەردۇر.

| | | |
|---|---|---|
| 2. alḳu (~alqu) | 1.1 | ھەممە، بارلىق |
| 3. aqï- | 1.4 | ئاچچىقلىماق، ھەسرەت چەكمەك |
| 3. aqï- | 1.4 | ئاكا |
| 5.aḳïd- | 1.4 | ئېقىتماق، ئاققۇزماق |
| 6. bix on | 6.1 | ئەللىك |
| 7.bəl | 6.1 | يان، قاش |
| 8.bə(r)t- (~birt-) | 6.4 | (كۆڭلىنى) بۇزماق، زەربە بەرمەك |
| 9. kəlin | 5.3 | كېلىن |
| 10.kəkir- | 1.1 | گۈركىرىمەك، ھۆرپەيمەك |
| 11.kəsə-(~küsə-) | 7.3 | كۈتمەك، ئارزۇ قىلماق |
| 12.mu (~mü) | | مۇ (يۈكلىمە) |
| 13.saqlïq | 1.3 | چاچلىق |
| 14.toq- | 5.3 | توغىماق |
| 15.yaxla- | 3.1 | چاقماق چاقماق |
| 16.yazḳï | 3.1 | يازلىق، يازنىڭ، يازغى |
| 17. yaqur- | 1.2 | ياندۇرماق، ياغماق |
| 18.ḳaq | 7.1 | بىرقانچە، قانچىلىغان، قانچە |
| 19.ḳaqma | 5.1 | ساياق، قاچقۇن |
| 20.ḳarï | 1.3 | قېرى |
| 21.ḳat | 7.1 | يان، قاش |
| 22.ḳayda | 5.2 | قەيەردە، نەدە |
| 23.ḳulun | | قۇلان |
| 24.ḳuquxluq | 7.3 | ئۇچرىشىدىغان، دىدارلىشىدىغان |
| 25.ḳïrḳïn | 6.3 | (1) دېدەك، ئايال؛ (2) ئازاب |
| 26.ərki | 5.2 | يۈكلىمە (مۇجمەل ئۇرامنى بىلدۈردۇ) |

# خاس ئىسملار

1.Bəzəklik

بېزەكلىك

## ئىزاھ

1. قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى باش قاپىيە توغرىسىدا: قاپىيە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى توپ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ ئەڭ توپ ئالاھىدىلىكى باش قاپىيىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، بۇ دەۋردىكى شېئىرلاردا مىسرادىكى بوغۇم سانى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. باش قاپىيە دېگىنىمىز شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىدىكى بىرىنچى سۆزنىڭ ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش ياكى ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ كەلگەن ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. باش قاپىيىدە پۈتۈن بىر شېئىر باشتىن-ئاياق ئوخشاش باش قاپىيىدە كېلىشى ياكى ھەربىر كۇپلېت (ياكى ئابزاس) تا قاپىيە شەكلى ئالماشتۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى شېئىر كۇپلېت بويىچە قاپىيىلىشىپ كەلگەن. 1-كۇپلېتنىڭ ھەممە مىسرالىرى a بىلەن، 2-كۇپلېتتىكىلىرى ka بىلەن، 3-كۇپلېتتىكىلىرى ya بىلەن، 4-كۇپلېتتىكىلىرى kü (kө~) (ө بىلەن o، ü بىلەن u ئوخشاش قاپىيىگە كىرىدۇ) بىلەن، 5-كۇپلېتتىكىلىرى a بىلەن، 6-كۇپلېتتىكىلىرى bə بىلەن، 7-كۇپلېتتىكىلىرى ka بىلەن باشلانغان.

2. «تۇغقانلارنى سىغىنىش» a klar bulīt 1.1 (ئاق بۇلۇتلار): بۇ

ئىسىم بىرىكمىسى بولۇپ، مۇنتىزىم گرامماتىكىلىق قائىدە بويىچە كۆپلۈك قوشۇمچىسى -lar "bulīt" دېگەن ئىسىمغا قوشۇلۇپ a ķ bulītlar بولۇشى كېرەك ئىدى. كۆپلۈك قوشۇمچىسى -lər/-lar ئىنقلانغۇچى ئىسىمغا قو- شۇلماي ئىنقلىغۇچى سۆپەتكە (سۆپەت ئورنىدا كەلگەن باشقا سۆز شەكىل- لىرىگە قوشۇلىدىغان ئەھۋال باشقا يادىكارلىقلاردا، مەسىلەن، تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە» دىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

bunda kəlgənlər kik kɵp kɵp, bunda uq ķanlar ķux kɵp kɵp ərti.

بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىدى، قۇشلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

-lər ، -lar نى ئىنقلانغۇچى ئىسىمغا قوشماي، ئىنقلىغۇچى سۆپەتكە قوشۇش قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر خىل ستىلىستىكىلىق ۋاستىمۇ قانداق، ئىزدىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

3. «تۇغقانلارنى سېغىنىش» 2·1 yaqurur: بۇ yaq- دېگەن پېئىلنىڭ مەجبۇر دەرىجە شەكلى (-ur) ۋە پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلى (-ur) بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى. yaqurur = ياغدۇرىدۇ.

4. «تۇغقانلارنى سېغىنىش» 3·1 -yu (-yü ، -ya ، - ya ، -yī ، -yi ، -a ، -ə ، -ü ، -ī ، -i): ھال پېئىل قوشۇمچىلىرى، ئالدىنقى بىر يۈرۈشى ئۇچۇق ئۆزەكلەرگە، كېيىنكى بىر يۈرۈشى يېپىق ئۆزەكلەرگە قوشۇلىدۇ.

«تۇغقانلارنى سېغىنىش» 3·1 تىكى aqīyu (قايغۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ) -aqī (ئاچچىقلىماق، ھەسرەتلەنمەك) دېگەن پېئىلنىڭ ھال پېئىل قوشۇمچىسى -yu بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئۇچۇق شەكلىدىن -a ، -ə لەر قوللىنىلىدۇ، külə ، külə oyna oyna نى تەھلىل قىلىڭ.

5. «تۇغقانلارنى سېغىنىش» 1·3 -ķī (-qī ، -gi ، -ki): تۇرغۇن

«تۇغقانلارنى سېغىنىش» 1.3 دىكى yazķī ، «تۇغقانلارنى سېغىنىش» 1.4 دىكى küzki سۆزلىرى yaz ، küz دېگەن ئىسىملارغا -ķī ، -ki قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان سۆپەتلەردۇر. ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى burunķi ، ħazirķi ، küzgi (buqday) قاتارلىق سۆپەتلەرمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ياسالغان.

6 . «تۇغقانلارنى سېغىنىش» 1.5 دىكى ķaqma (ساياق، قاچقۇن) ķaq- (قاچماق) + -ma دىن كەلگەن. ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى əzmə ، tügmə ، bax ķarma قاتارلىق سۆزلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ.

7 . «تۇغقانلارنى سېغىنىش» 2.5 ərki : يۈكلىمە، مۇجمەللىك ۋە مۆلچەر قاتارلىق ئورامىلارنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى -kin ، tang لار بىلەن مەنە جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرانى تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار:

Atam ķayda tər mü ərki

ئاتام نەدىدۇر دەۋاتامدىكىن.

8 . «تۇغقانلارنى سېغىنىش» 3.6 Bəzəklik : تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

تىلى تەتقىقات يىللىقى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1968-يىللىق سان...
44-بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان)؛

## 2. مەرسىيە

### سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ

...ạda ərti atayïm
...lə'kiə egüküm
...ǐ əmgək nəqükin
... kəlip ərtürdi

... əngrə əlməkig
... ay künkiəm
...in ərti muni təg
...ǐq əmgəkig

### سۆزلۈك

(مەدھىيەدىكى)

| | |
|---|---|
| 3.4 | |
| 1.4 | ئېچىنماق، خەيرخاھلىق قىلماق |
| 3.1 | بىلەي |
| 1.3 | ئادەم، خەلق |
| 1.3 | كىيسەل، ئاغرىق |
| | باقماق، بېقىپ ئۆستۈرمەك |

1. Nə

Kərl

əlmə

əngrə

2. Sintid

Bulayïn

Kərməy

Uluq aq

1.aqïn-

2.biləgü

3.bodun

4.ig

5. igd-(~igid-)

| | | |
|---|---|---|
| 6.ilig | 2.1 | پادىشاھ، خان |
| 7.king | 3.2 | كەڭ |
| 8.kəmür | 1.3 | كۆمۈر (؟) |
| 9.kəy- | 3.4 | كۆيمەك، ئاسرىماق |
| 10.küzəd- | 3.4 | ئاسرىماق، قارىماق، كۆزەتمەك |
| 11.tomlun | 2.3 | مەرۋايىت |
| 12.tommīx | 2.3 | ساپ، تازا، پاكىز |
| 13.yarī | 1.4 | سۈرمە، تۈكۈرۈك |
| 14.ymə(~yəmə) | 3.1 | (1) يەنە؛ (2) -مۇ |
| 15.yorī- | 1.1 | ماڭماق، ئەگەشمەك، يۈرمەك |
| 16.kḁlīn | 3.1 | بارلىق، ھەممە |
| 17.ətək | | ئېتەك |
| 18.ərklig | | (1) قۇدرەتلىك، كۈچلۈك؛ (2) ئى-<br>گىدارچىلىق |

(مەرسىيىدىكى)

| | | |
|---|---|---|
| 19.adaɤ | 1.1 | بالا، ئاپەت |
| 20.aqīq | 2.4 | ئاچچىق، غەزەپ |
| 21.ay | 2.2 | ھەي، ئىخ |
| 22.künkiəm | 2.2 | قاياشىم |
| 23.munī | 2.3 | مۇنداق، بۇنداق |
| 24.nəqükin | 1.3 | نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن |
| 25.əgük(~əkük) | 1.2 | ئۇماق، قوزا(م) |

26.əngrə 1.4 بالدۇر، ئاۋۋال، ئىلگىرى

27.əmgək 1.3 جاپا، جاپا-مۇشەققەت، زۇلۇم

28.ərt- 1.4 ① ئېشىلمەك، قىلماق؛ ② ئاياغلاشتۇرماق، قوبۇل قىلماق

## ئىزاھ

1. «مەدھىيە» 1.1 kək bəri: كۆك بۆرى — قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدىكى تۇتېم. بۇ توغرىلىق تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە»نى سۆزلىگەندە، تەپسىلىي توختىلىمىز.

2. «مەدھىيە» 1.1 sini birlə: بۇ بىرىكمىدىكى ئالدىنقى سۆزنىڭ يىلتىزى sin (~sən) -سەن — بولۇپ، i- چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى، ئۇنىڭ يەنە a-، ə-، ī- شەكىللىرىمۇ بار. birlə تىركەلمە، لېكىن قەدىمدە ئۇ ئۆتۈملۈك پېئىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئوبيېكتىنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلغان. تەرجىمىدە sini birlə نى "سېنىڭ بىلەن بىرگە" دەپ ئىپادىلىسەك بولىدۇ.

3. «مەدھىيە» 1.1 yin- (yin-، ayīn-، əyin-): پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ راي I شەخس بىرلىك (بەزىدە كۆپلۈك) قوشۇمچىسى. «مەدھىيە» 1.1 دىكى yorīyīn (قالاي)، «مەدھىيە» 4.1 تىكى bolayīn (بولاي) دېگەن سۆز شەكىللىرى -yorī (ماڭماق، ئەگەشمەك)، -kal (قالماق)، -bol (بولماق) دېگەن پېئىلنىڭ يۇقىرىقى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىدۇر.

4. «مەدھىيە» 4.2 ümüz-: ئىسىمنىڭ تەۋەلىك I شەخس كۆپلۈك

قوشۇمچىسى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ ماسلە-
شىشى قاتتىق بولغانلىقتىن، قوشۇمچىلار ئۇچۇق، يېپىق، تىل ئالدى-كەينى،
لەۋلەشكەن-لەۋلەشمىگەن شەكىللەرگە ئىگە. ئىسمىنىڭ تەۋەلىك I شەخس
كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭلار.

-ümiz, -umiz, -ümüz, -umuz, -mïz, -miz, -ïmïz, -imiz

5. «مەدھىيە» 1.3 ئىسمدىن ئىسم (-n ،-in ،-ïn ،-ün)-un
ياسىغۇچى قوشۇمچە. bodun (خەلق) bod< (ئادەم، بوي) -un+
دىن كەلگەن.

6. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ: سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ X ئەسىر ئەتراپىدا
ئۆتكەن بەشبالىقلىق كاتتا تەرجىمان ۋە مەشھۇر ئالىم، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ
ئۆز ھاياتىدا خەنزۇ تىلىدىن «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» (玄奘传)
(«ئۇلۇغ تاڭ ۋاپشىسىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)،
بۇددا كلاسسىكى «ئالتۇن يارۇق» (金光明经)لارنى ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ تەرجىمە تىلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا
ۋە خەنزۇچىغا پىششىق بولغاندىن باشقا، سانسكرىت ۋە قەدىمكى كۇچا —
قاراشەھەر تىلىنى بىلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سىڭقۇ سەلى
تۇتۇڭ ئەينى زاماندا خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇش،
خەنزۇ، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق
جەھەتلەردە زور تۆھپە كۆرسەتكەن. بۇ مەرسىيىنى سىڭقۇ سەلى شېئىرىنىڭ
خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يەتتە بوغۇملۇق
شېئىر شەكلى بويىچە ئىجاد قىلغان. شېئىرنىڭ خەنزۇچىسى مۇنداق:

祸哉爱子端严相
因何死苦先来逼

若我得在汝前亡
岂见如斯大苦事

7. «مەدھىيە» 2·2 künkiəm : (كۈن، قۇياش)نىڭ كىچىكلىتىلىپ ئېيتىلىشى، بۇ سۆز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز باللىرىنى ئەركىلىتىش، ئۆز باللىرىغا سۆيۈنۈش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدۇ.

künkiəm = قاياشىم

# مۇھەببەت قوشقىدىن پارچە

ئاپرىنچور تېكىن

1. A ... ... ... ... ... ... ... ...[1]
Adīnqīɋ amraⱪ
Amraⱪ ɵzkiəm

2. Ⱪasīnqīɋīmīn ɵyü ⱪadɋurar mən
Ⱪadɋurduⱪqa kaxī kərkləm
Ⱪawīxī ⱪsayur mən

3. Ɵz. amraⱪīmīn ɵyür mən
Ɵyü əwirür mən ɵdü... qün
Ɵz amraⱪīmīn ɵpüksəyür mən

4. Barayīn tisər baq amraⱪīm
Baru yimə umaz mən
Baɋīrsaⱪīm

5. Kirəyin tisər kiqigikiəm

---

[1] كۆپ چېكىت قويۇلغان ئورۇنلاردىكى سۆزلەر قوليازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

Kirü yimə umaz mən
Kin yipar yīdlīqīm

6. Yaruķ təngrilər yarlīķazun
Yawaxīm birlə
Yaķīxipan adrīlmalīm

7. Küqlük prixtilər küq birzun
Kəzi ķaram birlə
Külüxügin oluralīm

(لېكوكنىڭ 1919-يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى» دا ئېلان قىلغان ”تۇرپاندىن قېزىپ تېپىلغان، تۈركىي تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار“ دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. II توپلام، 8-، 9-بەت-لەر.)

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| 1.adīnqīq | 1.2 | ئاجايىپ، ناھايىتى، بەك |
| 2.adrīl- | 6.3 | ئايرىلماق |
| 3. baq | 4.1 | گۈزەل (؟) |
| 4. baqīrsaķ | 4.3 | بېغىر، جىگەر |
| 5.kin | 5.3 | چىن (جۇڭگو) |
| 6. külüxüg | 7.3 | كۈلكە، كۈلۈش |
| 7.prixti | 6.1 | پەرىشتە |

| | | |
|---|---|---|
| 8. səw- | 3.3 | سۆيمەك |
| 9. ti- | 4.1 | دېمەك، ئېيتماق |
| 10.u- | 4.2 | قادىر بولماق، كۈچى يەتمەك |
| 11.yaruķ təngri | 6.1 | يورۇقلۇق تەڭرىسى |
| 12.yaķix- | 6.3 | يېقىنلاشماق |
| 13.yipar | 5.3 | ئىپار |
| 14.yīdlīq | 7.1 | پۇراقلىق |
| 15.ķasīnqīq | 2.1 | يار، ئاشنا |
| 16.ķawix- | 2.3 | قوۋۇشماق، قۇچاقلاشماق |
| 17.ɵp- | 3.3 | سۆيمەك |
| 18.ɵ - | 3.1 | ئويلىماق، ئەسلىمەك |
| 19. ɵzkiəm | 1.3 | ئايالىم، سۆيگۈنۈم |
| 20.əwir- | 3.2 | ئايلانماق، پىرقىرىماق |

## ئىزاھ

1. ئاپرىنچور تېكىن: بۇ قوشاقنىڭ ئاخىرىسىدا tükədi aprīnqor tigin ... (ئاپرىنچور تېكىننىڭ قوشىقى تۈگىدى...) دېگەن سۆزلەر بار. بىز مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسەن، قوشاقنىڭ ئاپتورىنى ئاپرىنچور تېكىن دەپ بېكىتتۇق. ھازىرغىچە، ئاپرىنچور تېكىننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرىگە دائىر خاتىرىلەر تېپىلغىنى يوق. لېكىن قوشاقنىكى بەزى مەزمۇنلارغا (مەسىلەن، مانى دىنىغا ئائىت مەزمۇنلارغا) ئاساسەن، ئۇنى IX ، X ئەسىرلەردە، قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىدا ئۆتكەن شائىر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2. «مۇھەببەت قوشىقى» 2·2 -duķ (-dük ، -tuķ ، -tük):

سۈپەتداش قوشۇمچىسى. ئومۇمەن، پۈتكەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ ‎-kad‎
‎qurdu kqa‎ (قايغۇرغانسېرى) ‎kad qur->‎ (قايغۇرماق) ‎-du k+ -qa+‎
دىن كەلگەن. كېيىنكى دەرسلەردە ئۇچرايدىغان ‎uqtu k‎ (ئۇچقان)،
‎bardu k‎ (بارغان) لارمۇ يۇقىرىقى قوشۇمچىنىڭ ‎-uq‎، ‎bar-‎ دىگەن پېئىل-
لارغا قوشۇلغان شەكلى.

3. «مۇھەببەت قوشىقى» 2.2 ‎-qa(-qə)‎: ئىسىمنىڭ تەگلەشتۈرمە
كېلىش قوشۇمچىسى ‎kad qur->kad qurdu kqa -du k+‎ دىگەن
سۈپەتداشقا ‎-qa‎ نىڭ قوشۇلغان شەكلى. ‎kəngülqə‎ (خالىغانچە، كۆڭۈل-
دىكىدەك)، ‎saninqa‎ (سانىدەك) لەرنى تەھلىل قىلىڭ.

4. «مۇھەببەت قوشىقى» 3.2 ‎-īqsa(-igsə، -ī ksa، -iksə، -‎
‎gsə، -ksə، -ksa، -qsa)‎ پېئىلنىڭ راي قوشۇمچىسى. پېئىل ئۆزىگە
قوشۇلۇپ ئارزۇ ۋە تىلەكنى بىلدۈرىدۇ. ‎kawuxu ksayurmən‎
(قوۋۇشقۇم كېلىدۇ)، ‎-kawīx‎ (قوۋۇشماق، قۇچاقلاشماق) -
‎yur +-u ksa+ +mən‎ (پۈتمىگەن ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى) دىن
كەلگەن. ‎kərügsə‎ (بېرىشقا ئىنتىلمەك، كۆرۈشنى خالىماق) قاتارلىق سۆز-
لەرنى تەھلىل قىلىڭ.

5. «مۇھەببەت قوشىقى» 1.4 ‎-sər (-sar)‎: پېئىلنىڭ شەرت رايى
قوشۇمچىسى. ‎tisər‎ (دېسەم) ‎-ti‎ (دېمەك) ‎+sər-‎ دىن كەلگەن. قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىلىرىدا شەخس ئايرىمچىلىقى
يوق. يەنى ‎-sar‎، ‎-sər‎ ھەرقايسى شەخسلەر ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىدۇ.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بۇ قوشۇمچىنىڭ r چۈشۈپ قالغان شەكلى
‎(-sa، -sə)‎ قوللىنىلىدۇ، شۇنداقلا Ⅲ شەخس ئۈچۈنلا قېلىپلاشقان.

6. «مۇھەببەت قوشىقى» 6.4 ‎-sa k(-sək، -sī k، -sī q،‎
‎-sik، -sig، -su k، -süg)‎ تۇرغۇن سۆزلەر (ئىسىم ۋە سۈپەت) دىن
تۇرغۇن سۆز (سۈپەت ۋە ئىسىم) ياسىغۇچى قوشۇمچە، يەنى بۇ قوشۇمچىلار

ئىسملارغا قوشۇلسا، شۇ ئىسمدىن سۈپەت ياسلىدۇ، سۈپەتلەرگە قوشۇلسا، شۇ سۈپەتتىن ئىسىم ياسلىدۇ. «مۇھەببەت قوشىقى» 3·4 تىكى baqïrsaķ (سۆيۈملۈك، قەدىرلىك) baqïr دېگەن ئىسمغا -saķ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان سۈپەتتۇر. تۆۋەندىكى ئىككى گۇرۇپپا سۆزنى تەھ- لىل قىلىڭ.

bəgsik → بەگدەك    aqsïķ → ئاچلىق

ķulsïķ → قۇلدەك    toķsïq → توقلۇق

oqlansïq → ئوغلاندەك

7· «مۇھەببەت قوشىقى» 1·6 -zun : پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ راي Ⅲ شەخس قوشۇمچىسى yarlïķa->yarlïķazun (ساقلىماق) -zun + دىن كەلگەن. yarlïķazun= ساقلىسۇن.

8· «مۇھەببەت قوشىقى» 3·6 -ipan (-ipən، -pan، -pən، -ïban، ibən، -uban، -übən-) : ھال پېئىل قوشۇمچىسى. بۇ بىر يۈرۈش قوشۇمچە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ۋە قولىيازمىلا- ردا كۆپ ئۇچرايدۇ. yaķïxïpan (يېقىنلىشىپ، ئايرىلماي <- يېقىنلاشماق) -ïpan+ دىن كەلگەن.

9· «مۇھەببەت قوشىقى» 3·6 adrïl-: بۇ پېئىل -adïr (ئايرىماق) دېگەن پېئىلنى مەنبە قىلغان. adïr- قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك پېئىل بولۇپ، ”ئايرىلماق، ئايرىماق، ئايرىپ تۇرماق“ قاتارلىق مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن:

(1) isig tulïqïq bilgü adïra...

ئىسسىق بىلەن سوغۇقنى بىلىملىك ئايرىيدۇ...

(2) səwər oquluq ķïziq ulatï əgüg

ķangïq barqa adïrïp adïn azunķa əltü barïr.

ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىنى، قىزىنى شۇنداقلا ئانىسىنى، دادىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قويۇپ، ئۇلارنى باشقا دۇنياغا يېتىلەپ كېتىۋاتىدۇ.

(3) bu borlukɳung sīqisī əngdün yīngak

Basa Toqrīlnīng borluk adīrar ...

بۇ ئۈزۈملۈكنىڭ تۈۋت ئەتراپىنى شەرقتىن باسا توغرىلنىڭ ئۈزۈملۈكى ئايرىپ تۇرىدۇ...

adīr- نى مەنبە قىلغان سۆزلەردىن يەنە تۆۋەندىكىلەر بار:

adīrtīk- پەرقلىق، ئايرىملىق

adīrt- پەرق

adīrīlmaklīq- ئايرىلماقلىق، ھىجرانلىق

10. «مۇھەببەت قوشىقى» 3·7 alīm- (əlim-): پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ رايى I شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى. oluralīm (ئولتۇرايلى) < olur- (ئولتۇرماق) + alīm- دىن كەلگەن. بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى malīm-، məlim-. «مۇھەببەت قوشىقى» 6·3 تىكى adrīlmalīm نى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ.

# ئەرزنامە

buyanqī bəglərim ķutīnga
mung ɵtüglüg ķuludī
bingtung ɵtügüm
təginür. m(ə)n bintung
adaynīng əwintin ünərtə ixin küqin
bütürü umadīn ünmīx ərməz. kiqigimtə
bitig ujik nom boķxut ɵrgənmīx üqün,
nətəg ərsər toyīn bolup, toyīn tɵrüsintə
yorīɋay mu m(ə)n saķīnīp, tīguy tayxī baxlap
ķīday tayxīlarķa kəngənsər (m(ə)n, tīguy tayxī
m(ə)n taķī ɵzgə kixilər, mən yulup alayīn
box ķīlayīn tisər, bu ḅəgin m(ə)n yulup alayīn
sanga burunqə box bitig birəyin tip
guwanmingning uskintə m(ə)n, bar ərkinqə
manga tapīnīp yorīzun, munt(a)n song ķalsar
tɵrt yolī box bolup kɵngülinqə toyīn bolup,
ilkə ķanķa buyan al alķīx birip yorīzun tip
ming bəgining tamɋasīn ķaķīp, manga box
bitig birip, ant(a)n song mini yulup alīp

box bitig m(ə)n ḳolup aldī ərti. song yorīyu mintəki box īdmīx bitigni bəgim manga bərgil, m(ə)n yuḳayīn, yoḳ ḳilqay s(ə)n tisər, ol bitigni m(ə)n bəgimkə birtim, amtī ol bitiglərni bəgim yaman ḳayuta ḳodup. unītdī, kisikə mu alsīḳdī, məni alyuḳ sən tip inq ḳilmadīn turur. m(ə)n küqüm yitmisinqə ix küq ḳilīp tapīnīp, yazmīxīm yoḳ, bəgim mə manga yawuz yaman ḳilīnmīxī yoḳ. nəgü ixkə oqrīlar m(ə)n, anīndīn bərü nəgü m(ə)n timixi yoḳ ərti. yana bir ḳul alḳalī mini birlə kəngəxip turur. il ḳan atīnga toyīn bolup buyan birzun tip, üzik box bitig birip mini aldī ərti, yanturu satḳalī almadī ərti, amtī satarmən tip ərmix, bəglərim buyanlayu tsuyurḳayu yarlīḳasar, kəngül kərü uḳa yarlīḳazunlar.

## سۆزلۈك

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1. alsīḳ- | 25 | ئالدۇرۇپ قويماق، ئوغرىلىتىپ قويماق |
| 2. alḳīx | 17 | ئالقىش، مەدھىيە |
| 3. amtī | 23 | ئەمدى |
| 4.anīndīn bərü | 29 | ئەزەلدىن، بۇرۇندىن تارتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| 5.bitig | 7 | كىتاب، ھۆججەت، پۈتۈك |
| 6.box bitig | 13 | بوشىتىش خېتى، ھۆرلۈك خېتى |
| 7.box ķil- | 12 | ئازاد قىلماق، بوشاتماق |
| 8. boķxut (~boķsut) | 7 | قائىدە-نىزام، تەلىم-تەربىيە |
| 9.burunqa | 13 | ئادەت بويىچە |
| 10.buyanla- | 14 | ساۋابلىق قىلماق، ياخشىلىق قىلماق |
| 11.buyanqī | 1 | ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى |
| 12.guwanming | 14 | ئەمەلدار ۋە خەلق، ئەل-شەرىئەت |
| 13.kisi(~kixi) | 25 | كىشى، باشقىلار |
| 14.kəngən- | 10 | كېڭەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك |
| 15.nətəg | 8 | قانداق، نېمىشقا |
| 16.saķīn- | 9 | ئويلىماق، ئېسىگە ئالماق |
| 17.song | 20 | كېيىن، ئارقا، سوڭ |
| 18.tapīn- | 15 | ھۆرمەت قىلماق، خىزمەت قىلماق |
| 19.tayxī | 9 | ئۇستا، كاتتا ئۇستا |
| 20.toyīn | 8 | راھىپ |
| 21.tsuyurķa- | 35 | ئىچ ئاغرىتماق، مېھرىبانلىق قىلماق |
| 22.təgin- | 5 | (1) مۇراجەت قىلماق (تۆۋەنىنىڭ يۇ-قىرىغا)؛ (2) يەتمەك، يەتكۈزمەك |
| 23.tər yolī box bol- | 16 | ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپ تۇرماق |
| 24.tərü | 8 | قانۇن، تۈزۈم |
| 25.ujik | 7 | خەت، يېزىق |
| 26.yanturu | 34 | قايتىدىن، يەنە |
| 27.yas-(~yaz-) | 27 | خاتالاشماق، ئازماق، گۇناھ ئۆتكۈز-مەك |

| | | |
|---|---|---|
| 28.yulup al- | 11 | قۇتقۇزماق |
| 29.yuķ- | 22 | ساقلىماق |
| 30.ķan | 17 | خان، پادىشاھ |
| 31.ķayu | 24 | قانداق، قەيەر |
| 32.ķaķ- | 18 | (1) قاقماق؛ (2) باسماق |
| 33. ķod- | 24 | قويماق |
| 34.ķolu- | 20 | ئۆز قولىغا ئالماق، ئالماق |
| 35.ķut | 1 | (1) قۇت، بەخت؛ (2) ئالىيلىرى، جانابلىرى |
| 36.ərkinqə | 14 | ئۆز ئىختىيارىچە، خالىغانچە |
| 37.əw | 5 | ئۆي |
| 38.ətüg | 2 | ئۆتۈنۈش |
| 39.ün- | | (1) ئۈنمەك؛ (2) پەيدا بولماق، چىقماق |
| 40.üski | 14 | ئالدى، ئۈست |

## خاس ئىسىملار

| | | |
|---|---|---|
| 1.aday | 5 | ئاداي (ئادەم ئىسمى) |
| 2.bintung | 3 | بىنتۇڭ (ئادەم ئىسمى) |
| 3. tīguy | 10 | تىگۈي (ئادەم ئىسمى) |
| 4.ķīday | 10 | خەنزۇ (ختاي) (مىللەت نامى) |

# ئزاھ

1. «ئەرزنامە» 4- tәgin : ھۆرمەتلەشنی بلدۇردىغان ياردەمچی پېئىل بولۇپ، ئومۇمەن، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ يۇقىری قاتلامدىكىلەرگە، باللارنىڭ ئاتا-ئانىلرىغا، كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا قارىتىلغان سۆز-ھەرىكەتلىری ئۈچۈن قوللىنىلىپ ھۆرمەت ۋە ئىززەتنی بلدۇرىدۇ. مەسلەن:

buyanqī bәglәrim ķutīnga mung өtüglüg
ķuladī өtügüm tәginür.

ساۋابلىق ئىش قىلغۇچی بەگلىرىم ھۇجرىغا مەنكی قۇللىری مىنىتۇڭ ئۇشبۇ ئىلتىماسىنى سۇندۇم.

bodisawat tigin inqә tip tәgindi.

بۇدىستۋا تېكىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندی.

2. «ئەرزنامە» 7 toyīn (راھىپ): بۇ خەنزۇچىدىن ئاھاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان سۆز. toyīn<道人، بۇ ئەرزنامىدا خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن يەنە tayxī (ئۇستاز) 〈大师، guwangming 〈官民〉 (ئەمەلدار ۋە خەلق، ئەل-شەرىئەت) قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ.

3. «ئەرزنامە» 9 -qay (-ķay، -kәy، -gәy): پېئىلنىڭ بۇيرۇق تەلەپ رايى قوشۇمچىسىنىڭ يەنە بىر خىلی. I ، II شەخسكە قارىتىلغاندا، پېئىلنىڭ بۇ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىنىڭ ئاخىرىغا شەخسكە مۇناسىپ كىشىلىك ئالماشلار قوشۇلۇپ، شەخس تەۋەلىكی كۆرسىتىلىدۇ. III شەخسكە قارىتىلغاندا كىشىلىك ئالماشلار قوشۇلمايدۇ. بۇ قوشۇمچىلار قەدىمكی ئۇيغۇر يېزىقىدىكی يادىكارلىقلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ، قەدىمكی تۈرك يېزىقىدىكی يادىكارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. «ئەرزنامە» 9 دىكی yorīq ay نىڭ كەينىدىكی mәn ئۇنىڭ شەخس تەۋەلىكىنی كۆرسىتىدۇ.

4. «ئەرزنامە» 15 -tapīn (ھۆرمەتلىمەك، خىزمەت قىلماق، كۈتمەك)

: بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان پېئىل بولۇپ، بۇ پېئىلنى مەنبە قىلغان ئىسىملاردىن تۆۋەندىكىلەرمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ:

tapīq- ھۆرمەت، ئىھتىرام

tapïnqu- ھۆرمەت قىلىنىدىغان نەرسە

tapīqqī- كۈتكۈچى، خىزمەتچى

tapīqsak- قۇل، خىزمەتكار

5. «ئەرزنامە» 17 -x (-ix، -īx، ux، -üx): پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە. «ئەرزنامە» 17 دىكى alķīx (ئالقىش، مەدھىيە) alķī-> (~alķan- مەدھىيىلىمەك، ماختىماق) دېگەن پېئىلغا x- نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان.

6. «ئەرزنامە» 20 -u (-a، -ü، -ə، -ī، -i): ئىسىملاردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە. «ئەرزنامە» 20 دىكى ķolu- قولىغا ئالماق، قولغا كەلتۈرمەك ķol> دېگەن ئىسىمغا u- نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ:

yarlīka- (يارلىق چۈشۈرمەك)، bayu- (باي بولماق)، ķulu- (قۇل بولماق)، biti- (يازماق).

7. «ئەرزنامە» 22 -gil (-qīl، -ķīl، -gil) پېئىلنىڭ بۇيرۇق تەلەپ رايى II شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى. مەسىلەن، bargil = بەرگىن.

8. «ئەرزنامە» 25 -sīķ (-sik، -suķ، -sük): ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە، alsīķ- (ئالدىرۇپ قويماق، ئالدانماق) al> (ھىيلە، چارە، تەدبىر) دېگەن ئىسىمغا sīķ- نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. يادىكارلىقلاردا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان پېئىللار كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

9. «ئەرزنامە» 25 -yuķ : پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى، «مۇ-

ھەببەت قوشاقلىرى»غا بېرىلگەن 2-ئىزاھىتىكى -duķ ، -dük نىڭ ۋارىيانتى، يەنى duķ تىكى d y غا ئۆزگەرگەن. «ئەررنامە» 25 تىكى alyuķ (ئالغان) <al- + -yuķ تىن كەلگەن. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا -duķ ، -dük كۆپ ئۇچرايدۇ.

umadïm, ikinti sizlərni osuqluq(16)amrak oqlanïmta adraltïm. əmti (timin) tirig-(17)də əlüg m(ə)n boltum. nə ymə bahsilar-(18)nïng titsilarka kïlquluq is küqük(19)ərti ərsər, alkuni m(ə)n tügəl kiltïm. kaqan (20)sizlərning bilgə biliglig kəzünglar(21)yarusar, ol oqurta mini ymə unïtmanglar.(22)inqip ymə oqlanïm bu dksanapt iltəki tïnl-(23)ïqlar mini ayï uluq türlüg ayaqka (24) təgimlig dintar ka sakïnurlar. bügün (25) sizlər mini kodup tngri tngrisi burhan tapa (26)toyïn bolqalï barsarsizlər, təlim əküs (27) tïnlïqlar siziklig bolqaylar. (28) nə oqrïn nə tïltaqïn ol urïlar badari bilgə(29)braman osuqluq bahsïq kodup tngri burhan (30) nomïnta toyïn boltïlar tip tigəylər. anïn

(A)

ikinti ülüs bis ptr

(1) əmtï sizlər oqlanïm tört türlüg tirin (2) kuwraq ara olurur ərkən, tngri burhan-(3)ka yakïn təgsərsizlər, anta sizlər ang(4)ilki iki kïrk irü b(ə)lgü kutïn buyanïn (5)adïrtlaqalï ukqalï kataqlanïnglar kim(6)sizlərkə sasatarlarda adartlayu ayïtdïm (7)ərdi. inqə kaltï ang ilki kəzüngü (8) tək tüp tüz adakï ulï ərür. ikinti (9) mïng kügəlig tilgənin yarataq- (10) laq tamqa ayasïnta izəngülügintə (11)bəgiz bəlgülüg kəzünür. üqünq yula yalï-(12)nïnga yələsi yimis tək tüp tüz uzun (13) ərngəkləri.

tərtünq oysuz kətkisiz tüz sü-(14)ngüki. bisinq pantatu kəbəz tək yīlinq-(15)qa yumsak iligi ərür. altīnq adakī yüzi (16) kopmīs kəp kətki ərür. yitinq awayiyi (17) atlaq yipar kəyik yotasī tək kərü kanīnqs(ī)z(18)yotasī ərür. səkizinq əngitmədük (19) tongītmaduk ət əzin ayasī üzə iki tiz tilgənin (20) bərtə yrlīkar. tokuzunq aqaynī atlaq(21)arqun kəwəlningtə kyasru batutluq(22)uwut yini ərür. onunq nigrut atlaq(23)səgük tək oqsatī təp təgirmi ət, əzi ərür (24) nəqə idizi ərsər, anqa kulaqī, nəqə(25)kulaqī ərsər, anqa bodī sinī ərür, bir ygrminq ət'əz-(26)intəki kop tüsi yokaru yolanip tururlar. iki (2)ygrminq birər əwin tüləri ongaru əwrilip (28) təgzinqlənip tururlar. üq ygrminq(29) koduru bīsur mis supaq altun osuqluq kīrtī-(30)sī ərür. tərt ygrmin aqlak inqkə

(B)

əwinlig ətni kīrtīsī. bis ygrminq yiti yir-(2)də ədrülmis ət, əzi ərür. kayu ərki(3)yiti tip tisər, iki adakī iki əligi iki(4)əngəni bir süsküni. altī ygrminq yapa(5)yaratmīs tək king yadīy yarnī ikin arakī(6)səngüki ərür .yiti ygrminq bilintə(7)ərüki ət'əzi kisar arslan(8)kanīnga oqsatī ərür. səkiz(9)ygrminq yulun tək kəp kəni (10)kərü kanīnqsiz ət'əzi ərür. tokuz ygrminq(11)təsi əgri. ygrminq yinqü tizmis tək(12)yüp yürüng tükəl kīrk tisi ərür. bir otuz-(13)

unq irüksüz sadraksïz tisi ərür. iki otuz-(14)inq münsüz kadaqsïz tüp tüz tisi ərür. üq(15)otuzunq münsüz aqlak ak yürüng az-(16)aklarï ərür. tərt otuzunq arslan-(17)larnïng tək king alkaq kasaqï ərür.(18)bis otuzunq alku tataqlarda adruk(19)tngridəm tataq azïqïnta akar. altï otuz-(20)unq king yadïy yuka yalïnqïq tili ərür.(21)yiti otuzunq əzrua tngrining tək(22)üni ərür. səkiz otuzunq kəküs ənglüg(23) kəzi ərür. tokuz otuzunq koduzlar bukasï-(24)nïng tək kirpigi ərür. otuzunq usnir-(25)in yaratmïs təpüsi basï ərür. otuz artukï(26)bir yaqrukïa toqmïs kazlar hanï atayï(27) tək torluq ərngəki ərür. iki kïrk iki (28)kas kawsunïnta orun atlaq yərüg tüüsi(29)ərür. muntada ulatï iki kïrk irü b(ə)lgüsi (30) tükəl ək ərsər, ətrü sizlər ədzü turup

(A)

ikinti ülüs altï ptr

(1)yasru kənglin inqə tip sizik aytïnglar; (2) bizning bahsïmïz badari braman nə osuqluq(3)təzlüg ərki? nəqə yəslaq sïslaq ərki? (4) titsilarïnga kayu sasatarlar bosq-(5)urur ərki? takï ymə inqə tip siz-(6)ik aytïnglar: təpü nəgü bolur ərki? (7) təpüdin taymak nəgü bolur ərki? (8) bu muntaq türlüg ayït-(9)mïs siziklərïngizni adartlayu(10) y(a)rlïkasar, ətrü sizlər inqə ukunglar: (11)siziksiz tükəl

bilgə t(ə)ngri t(ə)ngrisi burhan(12)ərmis. nə üqün tip tisər kim kayu(13)kutluq tinlaqlarning iki kir k kut buyan-(14)laq irü bəlgüsi bar ərsər, ol tinlaq (15)tükəl bilgə biliglig burhan atanur. (16)sizlərning ara kayusi uluq ərsərsiz-(17)lər, ol əngrəki sizikig ayitzun. (18) antada basa kəzikqə kəntü kəntü (19) bosq u nmis wit upawit yawagan loka-(20)yata ulati sasatarlar iqintəki təring(21) təring yərüglər aytinglar, taki(22)ymə yultuz kərüm iqintəki alp alp siz-(23)ik aytinglar. ol ayitmis siziklaringiz-(24)lərni tidiqsiz tutuqsiz kiginq birü usar, (25) timin ək aning titsisi bolunglar. (26) alp bulqulu k burhan kutiliq ərdinilig (27) otrukta kirip kutrulmaklaq yoluq ədgü-(28) lüg ərdinilər kong(ü)lqə idinglar. kaqan(29) sizlər məngülüg məngigə təgsərsizlər(30)manga ymə ədgülüg ülüs yanturu iding-

(B)

-(1)lar. yaska siska təgmis kari kanging-(2) izlarni kanmaduk küsüslüg kilmanglar. (3) anta ətrü tüzün maitri kadasi (4) aqitida ulati bis ygrmi urilar birlə (5) badari bramaning inaq sawin təginip (6) yaslari sawrilu iqlayu badari bramanka (7) kasanti kilip bis yüz braman (8) urilaringa təgürtü badari(9)braman baliktin ünüp bardilar...

(ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقەييۇم خوجالار «شىنجاڭ

ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان "قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 〈مايترى سىمىت〉نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى توغرىسىدا تەتقىقات" دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ترانسكرىپسىيىگە تىنىش بەلگىلىرى قويۇلدى.)

## سۆزلۈك

1. adïn- ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك
2. altïn تۆۋەن، ئاست
3. al ḳaq كەڭ
4. amra- ياخشى كۆرمەك، سۆيمەك
5. angsïz (1) ئەقىل يەتمەيدىغان، چۈشىنىپ بولمايدىغان؛ (2) تامامەن، مۇتلەق؛ (3) ئىنتايىن، بەك
6. aqayni ئاچاينى (بىر خىل نەسىللىك ئات نامى)
7. arqun نەسىللىك، سۈپەتلىك
8. ar ḳu ar ḳu ئاستا-ئاستا
9. arïta (~arïtï) زادى، ئەسلا، مۇتلەق
10. asur ئاسۇر
11. atlaq قوشۇما
12. awayiyi ئاۋايىيى (كىيىك نامى)
13. ayaqka təgimlig ھۆرمەتكە سازاۋەر
14. aq- ئۆرلىمەك، ئاغماق، ھالقىماق
15. aqla k باشقىچە
16. a kak تامماق، ئېقىپ تۇرماق

17. bahsī(~ba ḳxī, ba qsī) ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى

18. basa basa كەينى-كەينىدىن، ئارقا-ئارقىدىن

19. batutluq پىتىپ كەتكەن، كىرىپ كەتكەن

20. bodunluq بوياقلىق، رەڭلىك

21. bodī sīnī بوي-بەستى

22. bos qur- ئۆگەتمەك، نەسىھەت قىلماق

23. bəgiz ئېنىق

24. kər- سىيلىماق

25. bərtər-(~bərtər-) ئاغرىتماق، ئازار بەرمەك

26. bīsur- تاۋلىماق، پىشۇرماق

27. dintar دىندار

28. drm درم ("بۇددا قانۇنى، قانۇن، قائىدە" دېگەن مەنىدە)

29. id- بېزىمەك، ياسىماق

30. ilkisiz چەكسىز

31. inqgülüg خاتىرجەملىك

32. inqsiz خاتىرجەمسىز، تىنچسىز

33. inqə ḳaltī شۇنداق قىلىپ، دېمەك

34. irit- چىرىتمەك

35. irüksiz ئاراچىسىز، يېرىقسىز

36. izəngülüg ئۈزەڭگىلىك

37. kantarw كانتارۋ (جىن نامى)

38. kintiri كىنتىرى (جىنلارنىڭ چىشى)

39. kirtgür- ئىشەنمەك، سادىق بولماق

40. kisar arslan kan كىسار ئارسلان خان (بىر خىل ئارسلان نامى)

| | |
|---|---|
| 41. ksanti bol- | تۆۋە قىلماق، كىسانتى بولماق، كۆڭۈلدىن چىقارماق |
| 42. kəl bar ķil- | كەلدى-باردى قىلماق |
| 43. kəwəl | شالغۇت |
| 44. kəzikqə | رەت، تەرتىپ |
| 45. kөküs (~kөküx) | كۆكۈش |
| 46. kөp kөni | تىنىك، ناھايىتى |
| 47. kөrim | كۆرۈم (مۇنەججىملىك) |
| 48. kөtki | دۆك، ئېگىزلىك |
| 49. kөzüngü | ئەينەك |
| 50. külqirə- | كۈلۈمسىرىمەك |
| 51. kөnglən- | ئويلانماق |
| 52. mangla- | ماڭماق، قەدەم تاشلىماق |
| 53. mungada- | مۇڭلانماق، ئەجەبلەنمەك |
| 54. munglu q ta qla q | مۇڭ، قايغۇلۇق |
| 55. mөngilig | ھوزۇرلۇق، ھوزۇر-ھالاۋەتلىك |
| 56. münsiz | ئەيىبسىز |
| 57. namo | نامۇ ("بوي سۇنماق، ئېتىقاد قىلماق" دېگەن مەنىدە) |
| 58. nigrut | نىگرۇت (دەرىخى) |
| 59. nətəg | قانداق |
| 60. ot qurati | چوقۇم |
| 61. osu qlu q | ...غا ئوخشاش، خىسلەتلىك، قىياپەتلىك |
| 62. oysuz kөtkisiz | ئويسىز-دۆڭسىز، تەكشى |
| 63. o qla k | چوڭ، ئۇلۇغ |

| | |
|---|---|
| 64. oqrīn | سەۋەب |
| 65. qəbik | قاراڭغۇلۇق، مەينەتچىلىك |
| 66. sadraķsīz | پېرىقسىز |
| 67. sang | ساڭ (راھىپ) |
| 68. sasatar | شاستىر (نومنىڭ شەرھىسى) |
| 69. sawrīl- | (پېشىنى) تۆكمەك، يىغىلماق |
| 70. sizik | (1) سىزىك؛ (2) گۇمان، سوئال |
| 71. smnu | سىمنۇ، جىن-ئالۋاستى |
| 72. soķus quluķ | ئۇچرىشىدىغان |
| 73. sudlan- | پارقىرىماق، يالتىرىماق |
| 74. supaq | تازىلانغان، پەدەزلەنگەن |
| 75. səki | قەدىمكى، پۇشتى |
| 76. süskün | ئۇمۇرتقا |
| 77. tang yarī | تاڭ سەھەر |
| 78. tarķar- | تارقاتماق، كەتكۈزمەك |
| 79. tay- | تېيىلماق |
| 80. tilgən | چاق |
| 81. tirnə- | تاقىماق، ئاسماق |
| 82. titsi | شاگىرت، ئوقۇغۇچى |
| 83. titürü kər- | تىكلىنىپ قارىماق، سىنچىلاپ قارىماق |
| 84. tongīt- | غادايماق |
| 85. toķīt- | تۆردۆرماق |
| 86. turunqsīz | ئەنسىزلىك |
| 87. tut- | تۇسماق، توستۇرماق |
| 88. tutuķsīz | توسالغۇسىز |

89. təgil- تەگمەك

90.təgriklə- دائىرىلىمەك، ئەتراپىنى ئورىماق

91. təgzin- ئايلانماق، دەۋر قىلماق

92. təgzinqlən- يۆگىلىپ تۇرماق، ئورالماق

93. təg təgirmi دۈپ-دۈگىلەك، يۇپ-يۇمىلاق

94. təpü تۆپە، چوققا

95. təs تۆش

96. təzlüg نەسەپلىك

97. təzü tükəti تەلتۆكۈس، پۈتۈنلەي

98. tükəl(~tügəl) تۈگەل، پۈتۈنلەي

99. tünki tünlə تۈن-كېچە، كېچە-كۈندۈز

100. tü türlüg ھەر تۈرلۈك

101. tīltaq سەۋەب، ۋەجى

102. udumbar ئۇدۇمبار (گۈلى)

103. udun- ھۆرمەتلىمەك، ئىززەتلىمەك

104. ulatī ۋە، ھەم، شۇنداقلا، قاتارلىق

105. urī ئوغۇل

106. usnir ئۇسنىر (باش بېزەكى)

107. uwut yin ئۇياتلىق يېرى، جىنسىي ئەزا

108. u kīt- ئۇقتۇرماق، بىلدۈرمەك

109. yadīy ياپىلاق

110. yadīy yarnī تاغاق سۆڭىكى

111. yaltrīd- يالتىراتماق، نۇر چاچماق

112. yaltrī k يالتىراق

113. yalīnqīq يالقۇن،

114. yana yana قايتا-قايتا
115. yap- ياسماق
116. yaslaq sīslaq ياش-قورامليق
117. yasru يوشۇرۇن
118. yasu- چاقنماق
119. yasuk(~yaxuk) نۇر، يورۇق
120. yaqru پيقىن، يېڭى
121. yaquktīnkī پيقىندىكى
122. yaqīz قوڭۇر
123. yil əsin شامال
124. yitinqsiz چەكسىز، پەتكىلى بولمايدىغان
125. yiwik tüzük زىبۇ زىننەت
126. yolan- ئۆسمەك، ئۆرلىمەك
127. yula چىراغ، يۇلا
128. yuka yalīnqa يۇپقا، نىپىز
129. yələsi ... غا ئوخشاش
130. yüp yürüng ئاپپاق
131. yürüg ئۇقۇم
132. yilinq ؟
133. yīlīnqqa يۇمران، يۇمشاق
134. kadaqsīz قاداقسىز
135. kamsa- قىمىشماق، تىترىمەك
136. kanamlaq قانائەتلىك، كۆڭلى-كۆكسى توق
137. kadas قېرىنداش
138. kanīnqsīz قانغۇسىز، تويغۇسىز

| | |
|---|---|
| 139. kasaq | قورساق |
| 140. kas kawsutīnta orun | قاش تۈرۈلىدىغان ئورۇن (قوشۇما) |
| 141. kataq | قاتتىق |
| 142. kawxar- | قول قوشتۇرماق |
| 143. koduru | ھەممە، بارلىق |
| 144 kodīru | چوڭقۇر؟ |
| 145. kolu- | ئويلىماق |
| 146. koluq | پەيت، ۋاقىت |
| 147. kulut | قۇل |
| 148. kuwraq | جامائەت، توپ |
| 149. kīrtīs | چىراي |
| 150. kīsqa | قىسقا |
| 151. kīz | ① ئىنتايىن، بەك؛ ②قىس، ئاز |
| 152. ədzü tur- | ھۆرمەت بىلەن تۇرماق |
| əlp(~alp) | (1) باتۇر، مەرد؛ (2) قىيىن، تەس |
| 154. əngit- | ئەگمەك، پۈكمەك |
| 155. əngən | مۆرە |
| 156. əngək | بارماق |
| 157. əsnə- | (شامال) چىقماق |
| 158. ət kīrtīs | رەڭگى-رۇخسارى |
| 159. əw bark | ئۆي-ۋاق، مال-مۈلۈك |
| 160. əwin | تال، دانە |
| 161. əwinlig | ھاسىلدار ئاياق |
| 162. əwril- | (1) ئايلانماق، چۆرگىلىمەك؛ (2) ئىگىلمەك |

163. əzüksüz نۇقسانسىز، ئەيىبسىز
164. ədrül- تاللىنىپ چىقماق
165. ədüg ۋاقىت-پەيت
166. əgrünqülüg خۇشاللىق، شادلىق
167. ərit- تۇرغۇزماق، تىكلىمەك
168. əriki يۇقىرىقى، ئۈستۈنكى
169. ürdə bərü ئۆزۈندىن بېرى
170. üzlən- ئۆزۈلمەك، تۈگىمەك
171. üzəki يۈكسەك، يۇقىرى
172. īraktīnkī يىراقتىكى
173. īru bəlgü ئالامەت، بەلگە، نىشان

## خاس ئىسىملار

1. aqiti ئاچىتى (ئادەم ئىسمى)
2. badari braman بادارى برامان
3. dksanapt دكساناپت (دۆلەت ئىسمى)
4. doniki دونىكى (ئادەم ئىسمى)
5. kasip burhan كاسىپ بۇرخان (ئادەم ئىسمى)
6. magit il ماگىت دۆلىتى
7. maitri مايىترى (ئادەم ئىسمى)
8. matyadis ماتىيادىس (دۆلەت نامى)
9. mogaraqi موگاراچى (ئادەم ئىسمى)
10. pasang taq پاسانگ تېغى

| | |
|---|---|
| 11. qakrirt | چاكرىرت (ئادەم ئىسمى) |
| 12. sudaws | سۇداۋس (يەر نامى) |
| 13. wit upawit yawagan lokayata | ۋىت ئۇ پاۋىت ياۋاگان لوكاياتا شاستىرى |
| 14. ərzua | ئەرزۇئا (ئىلاھ نامى) |

## ئىزاھ

1. «مايترى سىمىت» ھەققىدە: «مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى)نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى نۇسخىسى 1959-يىلى قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغ گۇڭشېسىنىڭ تۇمۇردى دېگەن جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان. ئەسەر جەمئىي 283 ۋاراق، 586 بەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ نۇسخا ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

«مايترى سىمىت» بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلۈڭگۈ) مەزھىپىگە دائىر تەرجىمە ئەسەر بولۇپ، ئەسەرنىڭ 3-بۆلۈمىنىڭ ئاخىرىدا، ئەسەرنىڭ ئالدى بىلەن ئەنەتكەك (قەدىمكى ھىندى) تىلىدىن توخار (قەدىمكى كۇچا — قارا شەھەر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى، ئاندىن توخار تىلىدىن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق يېزىلغان. ئالىملار ئەسەرنى VII، IX ئەسىرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن تەخمىندە.

تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەسەرنىڭ توخار تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ نامى «مايترىيا سامىتىناتاكا» بولۇپ، بۇ بىرىكمىدىكى «ناتاكا» سۆزىنىڭ مەنىسى "دراما" ئىكەن. ئەسەرنىڭ توخار تىلىدىكى نۇسخىسىدا، ھەربىر بۆلۈمنىڭ بېشىدا ئورۇن، سەھنىگە چىققۇچىلار، ئورۇنلىنىدىغان كۈي

قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەنىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەسەرنىڭ سەھنە ئەسىرى (يەنى دراما) ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ئەگەر «مايترى سىمىت»نىڭ دراملىقى مۇقىملاشسا، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى سەھنە ئەسىرى بولۇپ قېلىشىمۇ شۈبھىسىزدۇر. لېكىن ھازىر ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىدا پەقەت ۋەقەلىك ئورنىلا كۆرسىتىلگەن. كۈي ۋە قەھرىمانلار كۆرسىتىلمىگەن.

«مايترى سىمىت»نىڭ يەنە لېكوك 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاننىڭ مۇرتۇق، سىڭگىم قاتارلىق جايلىرىدىن قولغا چۈشۈرگەن نۇسخىلىرىمۇ بار، لېكىن ھەممىسى قالدۇق پارچىلار، ئۇلار ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

مەكتىپىمىزدىن پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەسەرنىڭ 2-بۆلۈمىنى تەتقىق قىلدى ۋە شۇ بۆلۈمنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ مۇزېيىدىن ئىسرائىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى 1-بۆلۈمنى تەتقىق قىلدى ۋە شۇ بۆلۈمنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. يېقىندا يەنە ئىسرائىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجالار 2-بۆلۈمنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. 1987-يىلى 7-ئايدا يەنە شۇلار «مايترى سىمىت»نىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىنى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت» نامىدا نەشىردىن چىقاردى.

ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ تىلى مول، يېقىملىق، ئوبرازلىق ۋە راۋان. دەرسلىكىمىزگە ئەمۇنە سۈپىتىدە ئەسەرنىڭ 2-بۆلۈمىنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ كىرگۈزدۇق.

بۇ بۆلۈمدە مايترى قاتارلىق 16 ئوغۇل ئۆز ئۇستازى بادارى برامانىدىن تەڭرى بۇرخان (ساكيامۇنى)نىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆگىنىپ راھىپ بولۇپ كېلىشكە رۇخسەت سورىغانلىقى ۋە ئۇستازىنىڭ ئۇلارنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

2. MS.I U.BP(A).1 namo but namo drm nmo sang : بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ namo "بوي سۇنماق، ئېتىقاد قىلماق" دېگەن مەنىدە، drm ، sang بولسا "بۇددا قانۇنى،قانۇن، قائىدە"، "راھىب" دېگەن مەنىدە. but ، drm ، sang سانسكرىت تىلىدا tri-ratna دېيىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا بولسا üq ərdəni (ئۈچ گۆھەر) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇددا نوملىرى كۆپىنچە مۇشۇ ئىبارىنى ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ.

3. MS.I U.BP(A).8 maitri: بۇددا دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇددانىڭ نامى.

4. MS.I U.BP(A).27 kasip burhan: بۇددا دىنىدىكى قەدىمكى يەتتە بۇرخان ئىچىدىكى ئالتىنچى بۇرخاننىڭ نامى. ساكيامۇنى (بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى) ئۇنىڭغا مۇرىد بولغان.

5. MS.I U.BP(B).4 mangit il (ماگىت دۆلىتى): قەدىمكى مەركىزىي ھىندىستاندىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى. بۇ دۆلەت بۇددا دىنىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدۇ. پايتەختى راجاگرى.

6. MS.I U.BP(B).7 sudaws: ئىلاھ، تەڭرىلەرنىڭ ئاسماندا تۇرىدىغان پاكىز بىر جاينىڭ نامى.

7. MS.I U.BP(B).7 smnu: قەدىمكى سوغدى تىلىدىكى smnw — جىن، ئالۋاستى دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

8. -qir (~ -qïr): بۇ قوشۇمچىلار پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلسا، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سۈس ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

külqir- = كۈلۈمسىرە-

9. MS.I U.BP(B).29 -qalïr (~ -kalïr ، -gəlir ، -kəlir) : ھەرىكەتنام قوشۇمچىلىرى.

tar kur qalïr üqün = تارقىتىش ئۈچۈن

barqalīr biz= بارماقچى بولۇۋاتىمىز

10. asur MS.I U̇.IP(A).5: بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى asura ("تەڭرى ئەمەس، دۇرۇس ئەمەس" دېگەن مەنىدە) دىن ئۆزلەشكەن. ئۇ، قەدىمكى ھىندى ئەپسانىسىدا بالايى ئاپەت كەلتۈرگۈچى بىر خىل روھ ھېسابلىنىدۇ.

11. artuķta artuķ MS.I U̇.IP(A).19-20: بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى "ناھايىتى ئارتۇق" بولۇپ، بۇ ئىبارە artuķ دېگەن سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى (بىرىنچىسىگە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى) ئارقىلىق ياسالغان. بۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق سۆزنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ئىپادىلەش قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «مايترى سىمىت» نىڭ دەرسلىكىمىزگە كىرگۈزۈلگەن قىسمىدىلا تۆۋەندىكىلەر ئۇچرايدۇ.

artuķta artuķ= ناھايىتى ئارتۇق

alpta alp= ئىنتايىن تەس، ئىنتايىن قىيىن

aqlaķta aqlaķ= ھەممىدىن باشقىچە

12. udumbar qəqək MS.I U̇.IP(A).26-27 (ئۇدۇمبار گۈلى): بۇددا رىۋايەتلىرىدىكى ئۈچ مىڭ يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە گۈلنىڭ نامى.

13. bosuyu yarlīķazun MS.I U̇.IP(B).3: بۇ بىرىكمىدىكى bosuyu سۆزى bosu- (بوشىماق) دېگەن پېئىلنىڭ ھال پېئىل شەكلى، بۇ سۆز شەكلى yarlīķazun بىلەن بىرىكىپ bosuyu yarlīķazun بولۇپ كەلگەندە "ئىجازەت بەرسۇن، رۇخسەت قىلسۇن" دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

14. qakrit MS.I U.IP.B.17: قەدىمكى ھىندى ئەپسانىسىدىكى "مۇقەددەس خان"نىڭ نامى.

15. MS.I Ū.IP.B.23 -ad(-əd): ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى
قوشۇمچە بولۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئېرىشىش ياكى ئۇنى
ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەنىسىدىكى پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

mung (مۇڭ) + -ad 〉 mungad- (مۇڭلاندۇرماق)

küng (دېدەك) + -əd 〉 küngəd- (دېدەككە ئايلاندۇرماق)

16. MS.I U.TP(A).29 ərzua: سوغدى تىلىدىن كىرگەن سۆز
بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار براھمان ۋە ھىندى دىنىنىڭ ئىجادچىسى بولغان
ئىلاھ براھماننى ərzua نامى بىلەن ئاتىغان.

17. tirigdə ɵlüg mən boltum əmti (timin) بۇ جۈملىنىڭ
تەرجىمىسى "ئەمدى مەن تىرىك تۇرۇپ ئۆلىدىغان بولدۇم" بولۇپ،
tirigdə 'ɵlüg دېگەن بىرىكمىنىڭ مەنىسى "تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈش" تۇر.

# مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى

ķarɋuqīlar kirzün, ķarg ... bolsar ymə ilkiə (?) ķanīķta kirsər, (man) istantaķī yarlīķ birlə kirzün. kirgür(sin) ......dəki tərüqə ilki (?) dəki tərüqə is (ayɋu)qī mozāķ ilimga tutuķ

islətzün. tas syyt bars t(a)rķan təmir yaķsī tutzun. ......zun. ərtüngü bolsar ikəgü...... a sur ...... tsangaɋ ikəgü birlə ... un. saqɋuqa ... lar ... daɋī isig (küqüg) (t)aɋay baɋs ilimɋa (is) ləzün. kidin balī(ķtaķī)

isig küqüg ķumar bars t(a)rķan isləzün. baɋ (borluķ) yir suw ķaķ timəzun, uz itürzün. əngtün b(alīķtaķī ba)ɋ borluķ tüssüz(?) bolsar taɋay bars (ilimɋa) (bəz)... qawrīķķa təzüzün. kidin balīķtaķī is (aɋduķ bolsar) ķumar bars

t(a)rķan ķīnga kīz (ɋutķa)təgzün. əngtüngi

n(ətəg) yīɋɋu tirgü bar ərsər, ilimɋa tutuķ yīɋīp yaķsī tutzun. (kidingi nətəg) y(ī)ɋɋu tirgü bar ərsər, ķumar- (nīng yumīs) qīsī yaķsī tutz(un). aɋilīķķa kirgüsin.

aɋilīķķa ķoɋu əw(?) ... (ka)a kirgüsin, tükəl

kigürzün. ikəgü b(irlə yaķsī) islətzun yungl (azun) birlə tutzun. əngtün yīngaķ yir suw ətüs üqün (ba)līķta

ķī aw turuķ koķpu yiɋɋu yir suwlar itgü ķumar bars ... (ɵ)tüng kidingi tütün dümən yir (suw) borning yaķa(?) ning altmis iki ķokpu üzə

bɵz təgsürüp tngri yat ... kədgü bɵz bir (zun). ay sayu iki ənqmn tngrilərgü səkizər on sīķ buɋday yiti sīķ kɵnqit iki sīķ burqaķ üq sīķ konuķ (birzun) liw tutzun. ɵdmə b(irip)... t(sang) ta basa iki is ayɋuqīlar (birzun).

uz uzaɋutķa (is ayɋu)qīlar liw tutzun. mo(zakka) liw birip tngrilər asī suwsusī təngsiz boolsar, iki hruhanlar ɵz asī azuķī birlə birip, solmi manistan ... ulurzun. is ayɋuqīlar ķinga kawrīķķa təgzün. (i)s ayɋqī aɋilīķķa kirür boɋuluķ)

yir tüsi tɵrt ming yüz bis otuz ķokpu barķ(an)(?) tɵrüqə srwsyyt ķanīķta kigürzün, manistantaķī (nə)təg türlüg is küq bolsar, iki hruharlar is ayɋuqīlar b(irlə is) lətzun. kədmə tikirmənning bis yüz kokpuda əlig ķokpu kədməgə birzun.

taķī kalmis tɵrt yüz əlig ķokpu ərəngə əspasi əspasanqķa kīsķī ton ətük bolzun. kəbəz bɵzi(ning) altmis bɵz (ərsər) əspasi əspasanqka yayķī ton bolzun. iki ənqmən tngrilərning asī boɋzī t(əngsiz) bolmazun. bir ay bir hruhan bir is ayɋuqī birlə

turup yīqanīp as boɋuz uz ķilturzun. taķī bir (a)yda bir h(rahan) bir is ayɋuqī birlə turup yīqanīp as boɋuz uz kilturzun. ķayu ayķī as bo(ɋuz) aɋduķ bolsar, ol

ayķī hrahan is ayɋuqī birlə ķawrīķķa təgzun. iki hrahan is ayɋuqīlar

birlə turup ... ig asqīlarag ətməkqilərig ķawīra turzunlar. tngrilər huanta olarsar, iki hruhan(lar) adakın turup as(ī)ɋ suwsusīɋ iwrhani zmastikkə təgi tüz tügürüp, anta kin əzləri huanta olurzun. manistanta nətəg is küq bolup tngri mozakkə

ətükkə ki(sər) ilkidəki tərüqə hruhanlar is ayɋuqīsīz kirməzün. is ayɋuqīlar ymə hruhan(sīz) kirməzün. hruhanlar is ayɋuqīlar birlə turup ətünzünlər. ķam(a)ɋ īnɋay əspasi ərən oɋlansīz tngrilər nəqə ər(sər), angaru tapīnzun. anta

kin ķalmis ķam(a)ɋ īnɋay oɋlan iwrhani zmastik (ta) tapīnɋuqī b(ə)lgülüg ķīlīp huanta uz tapīn turzun. bu bitigin ərən tngrilər ķīrķīn tngrilər manistanta asansar, ķanta ədməgə bir(ə)r ikirər küpqük tas suw kəlürüp bor süwi ķīlīp tngrilərgə iwrhani zmastikkə təgi

tüzü təgürzün, saqrangu tngrilər ədməgə barsar, īsmīs minin əngi yīɋturzun. ķaq(a)nta ķanlu ķīlɋu bolsar muni üzə ķīlzun. bu ismis tngri mozak əltadan yaɋmazun. ķanlu ķīlɋu bolsar, tngri mozak yrlīķ (īnqa) hruhanlar is ayɋuqīlar birlə turup ķīlturzun. iki

ənqmn tngriləning iki tawatsi suwsusīnga mozak əltadan yaɋmazun. tngri mozakkə əltadanga kim təggəli k(ə)lsər, əz suwsusīn birzun. bir y(īkī) liw (?) buɋ-

dayıı̇ng səktisi bolur iki yüz sik. bu iki yüz sik səktidə yüz sik səkti

k...(tarıquqı) udlar yizun. yüz sik səkti tngri mozakning əftadanning kawallarï yizun. bu yüz sik səkti yïqmis tutzun. atlarqa yizgü katurzun. üq orduda kï yirlərig üq kisigə birzun. bir kula ygamiri (?) kaqun manistanga k(ə)lürzün.

otuz kaqun uluq manistanta birzun. otuz kaqun kiqig manistanta birzun. bu kaqunung yïqmis yïqïp k(ə) lürzun. kəqing(?) kïlsar, yïqmïs kawrïkka təgzun. tngri mozakka bir küri bising songun iqintə(?)... bising songun. iki ənqmn tngrilərgə bir tənə

songun birzun. əngtün kidin nəqə manistanlarda kï baq borluk yir suw iki is ayquqïlar uz itürüp, yana kak yirləri nəqə bar ərsər, az əküs yakaqa birip yirig kəntürüp bor tüsingə təgürzün. tüs kirür yirlərig uz

itürüp tüsin aszun, iki is ayquqïlar itrə(s)məzün. itrəsip is küq aqduk kïlsar kïnga kïzqutka təgzün. bu yir suw baq borluk sawïnga tngri mozak əftadan hruhanlar katïlmazun. is ayquqïlar bilzun. is ayquqï

taqay bars ilimqa tutukka yumusqï kiqigi

kutadmïs ygan. is ayquqï kumar bars t(a)r kanga yumusqï (ki)qigi il kərmis. bu islərig is ayquqïlar uz kïlsar, əgdigə aqïkka təgzun. aqduk kïlsar, üq yüz kïnga təgzün. birər zyynkym

eqügi(?) birlə ķīzqut birzünlər. manistandaķī ərənlərig igəy qor basuķ birlə basta turup islətzun. is ayquqīlar künlüg isin ayītu turzun. bir yil ygrmi ķanglī ķamīs manistanqa kirzun, taķī ķalmīs ķamīsīq borluķlar sayu üləzün.

iwrhani zmastik srhan ügələr igləsər kərü t(urzun). əmlətküqi y(umu)s birzun. otaqī oķup klürüp otīn əmin is ayquqīlarda bk tutup alīp uz əmlətzün. ķayu dintarlar igləp yīqmīs isinməsər, üq yüz (ķū)nga təgzün. sawqa(?) küqkün barzun.

mənlig sangün oqlanī arslan tonga inisi birlə künkiə oqlanī īqaqqī bolmīs. bu tərt ilig kisi birər sīķ kəbəz īdīp k(ə)sürzün. yar manistanta iki küri kəbəz birzun, altī küri kəbəz ķoqu manistanķa (kə)lürzün ... manistantaķī otungqīlar lalak

kədtügmis, lisa sabi kərlə b(ə)gtur bu üqəgü bir kün birər otung k(ə)lürür. kutluq tonga kolmīs bu ikəgü iki küntə bir yük otung k(ə)lürür. bu otungqīlarnīng otungīn k(ə)lürüp alquqī yaķsī kutluq arslan. dintarlarnīng asī yig bolsar, üq yüz kīnka təgzün.

manistan san(ī)q otaqīlar yaksī aqarī qarī inisi oli birlə sürgünqī toyīn yapap oqlī taz ķazqi yaqtsīn toyīn. kədizqi oqul bars. zyqqīlar munta kisi manistan(ta) isləzün. otaqīlar turķaķ turzun. balīķ arķasīnta (t)oyīn arķasīnta yrkan qoban yagmazun. kim

125. kayu bolsar isləzün. adīn iskə yaqmazun.

(بۇ يادىكارلىق گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «ئارخېئولوگىيە ئىلمى ژۇرنىلى»نىڭ 1978-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلغان "قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى «مانى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتى»نى دەسلەپكى يېشىپ ئوقۇشۇم" دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.)

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| 1. aqīk | 98 | موكاپات |
| 2. as boquz | 43 | يېمەك-ئىچمەك |
| 3. asqi | 50 | ئاشپەز |
| 4. azuk | 32 | ئاشلىق، ئوزۇق-تۈلۈك |
| 5. aqduk | 52 | يامان، ئەسكى |
| 6. bising | 83 | ئالىي دەرىجىلىك، سۈپەتلىك |
| 7. burqak | 27 | پۇرچاق |
| 8. bəlgülük | 61 | بارلىققا كەلگەن، ۋۇجۇدقا چىققان |
| 9. dintar | 108 | دىندار، ئىشقادچىلار |
| 10. hruhan | 24 | خرۇخان |
| 11. huan | 51 | تاماق |
| 12. iglə- | 105 | ئاغرىپ قالماق، كېسەل بولماق |
| 13. ilki- | 4 | دەسلەپكى |
| 14. ilkiə(?) | 1 | ? ① |

① ؟ بەلگىسى ھازىرچە مەنىسى ئوقۇشلى بولمايدىغان ياكى مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن بولغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| 15. ilimgə | 4 | ئىلىمغا (ئەمەل نامى) |
| 16. is ayquqī | 4 | ئىش بېجىرگۈچى |
| 17. isin- | 108 | كۆڭۈل بۆلمەك، ئېتىبار بەرمەك |
| 18. itrəs- | 91 | ئىتتىرىشمەك، دۈگگىمەك |
| 19. kawal | 76 | ئۇلاق، يۈك ئېتى |
| 20. kirgü | 18 | كىرىم |
| 21. kula | 79 | ئامبار، ئورا |
| 22. kəbəz | 41 | كېۋەز |
| 23. kədgü | 25 | كىيىملىك |
| 24. kədizqi | 122 | كىگىزچى |
| 25. kədmə | 38 | كىيىم (راھىپلار كىيىدىغان) |
| 26. kəqing | 25 | كېچىكىش |
| 27. kəntür- | 88 | كۆندۈرمەك، ئاچماق، ياخشىلىماق |
| 28. küqkün | 109 | قۇدرەتلىك، كۈچلۈك |
| 29. küri | 83 | كۈرە |
| 30. liw | 28 | ئۇسسۇزلۇق، ئىچىملىك |
| 31. manistan | 2 | مانى ئىبادەتخانىسى |
| 32. mozak (~mojak) | 4 | باش راھىپ (مانى دىنىدا) |
| 33. ongtun | 1 | جەنۇب، ئوڭ تەرەپ |
| 34. otaqī | | تېۋىپ، دوختۇر |
| 35. otung | 116 | ئوتۇن |
| 36. otungqī | 114 | ئوتۇنچى |
| 37. oku- (~okī) | 106 | چاقىرماق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 38. | qoban | 124 | چوبان (كەنت باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى) |
| 39. | saqrangu | 65 | چېچىلاڭغۇ، چېچىلغان |
| 40. | saw | 93 | سۆز، گەپ |
| 41. | sangun | 83 | پىياز |
| 42. | srhan | 105 | ؟ |
| 43. | sruwsyyt | 36 | ؟ |
| 44. | suwsus | 31 | ئىچىملىك، ئۇسسۇزلۇق |
| 45. | səkti | 73 | كېپەك |
| 46. | sürgünqi | 121 | مال باققۇچى |
| 47. | sık | 26 | دەن (مىقدار سۆز) |
| 48. | tabın- | 61 | باقماق، ئاسرىماق |
| 49. | talī | 40 | يەنە، قايتا |
| 50. | tas(~tax) | 5 | (1) تاشقىرى؛ (2) يامان، ئەسكى |
| 51. | tawatsi | 70 | تاۋاق، قاچا |
| 52. | taqay | 9 | تاغا، كىچىك دادا |
| 53. | tikirmən | 38 | تىككۈچى، سەيپۇڭ |
| 54. | tur kak | 123 | دائىم، داۋاملىق |
| 55. | təgsür- | 25 | ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك |
| 56. | tənə | 84 | تەنە (مىقدار سۆز) |
| 57. | təngsiz | 31 | ...گە يەتمەسلىك، تەڭ كەلمەسلىك |
| 58. | tüs | 35 | يەر ئىجارىسى |
| 59. | tütün dümən | 23 | ھەربىر ئائىلە، ئۆيمۇ ئۆي |

| | | |
|---|---|---|
| 60. uzaq̣ut | 29 | ھۈنەرۋەن |
| 61. yarḳan | 124 | كۆزەتچى |
| 62. yayḳī (~yazḳī) | 42 | يازلىق، يازغى |
| 63. yaq̣- | 68 | يىقىنلاشماق |
| 64. yaḳa | 24 | ئىجارە |
| 65. yakaq̣a bir- | 86 | ئىجارىگە بەرمەك |
| 66. y(i)grmirir? | 79 | ؟ |
| 67. yizgü | 77 | يەم، يەم-خەشەك |
| 58. yīq̣q̣u tirgü | 16 | جۇغلانما |
| 69. yumīs | 18 | ئىش، خىزمەت |
| 70. yumīsqī | 95 | ياردەمچى، خىزمەتكار |
| 71. yiqan- | 45 | كۆڭۈل بۆلمەك، غەمخورلۇق قىلماق |
| 72. yīq̣mīs | 77 | خوجۇلۇق |
| 73. zyykm | 99 | ؟ |
| 74. ḳamaq̣ īnaq̣ | 60 | ھەممە، بارلىق |
| 75. ḳanlu | 66 | دىمىدىلەنگەن سۇ |
| 76. ḳanta | 63 | قەيەردە، نەدە |
| 77. ḳanīḳ | 2 | ئامبار، قازناق |
| 78. ḳaq(a)nta | 66 | ... چاغدا، ۋاقىتدا |
| 79. ḳarq̣uqī | 1 | كۆزەتچى، قاراۋۇل |
| 80. ḳawrīḳ | 13 | جازا |
| 81. ḳawīr- | 50 | سۈرۈشتە قىلماق |
| 82. ḳazqī | 121 | غاز باققۇچى |

| | | |
|---|---|---|
| 83. kak | 11 | قورۇق |
| 84. konuk | 28 | قونۇق (زىرائەت نامى) |
| 85. kokpu | 22 | ئۆشرە، نەپىقە |
| 86. kizqut | 15 | جازا، جازالاش |
| 87. kin | 15 | جازا، جازالاش |
| 88. əmlət- | 106 | داۋالاتماق |
| 89. ənqm(ə)n | 26 | راھىپلار ئۆمىكى |
| 90. əspasanq | 41 | كۆتكۈچى (ئايال) |
| 91. əspasi | 40 | كۆتكۈچى (ئەر) |
| 92.əw turuk | 22 | ئۆي-ئىمارەت |
| 93. ədmə | 28 | ؟ |
| 94. əgdi | 98 | مەدھىيە، ماختاش |
| 95. əküx | 21 | كۆپ، نۇرغۇن |
| 96. əqigi? | 99 | ؟ |
| 97.ərtüngü | 6 | تۇۋاق، ياپقۇچ |
| 98. ətməkqi | 50 | ناۋاي |
| 99. ügə | 105 | دانىشمەن، ئەقىللىق |
| 100. ülə- | 104 | ئۈلەشتۈرمەك، بۆلمەك |
| 101. īd- | 112 | ئەۋەتمەك، تەيىنلىمەك |
| 102. īqaqqī | 111 | ياغاچچى |

## خاس ئىسىملار

| | | |
|---|---|---|
| 1. bars tarkan | 10 | بارس تارقان (ئادەم ئىسمى) |

| | | |
|---|---|---|
| 2. basuķ | 101 | باسۇق (ئادەم ئىسمى) |
| 3. bəg tur | 115 | بەگ تۇر (ئادەم ئىسمى) |
| 4. igəy qor | 101 | ئىگەي چور (ئادەم ئىسمى) |
| 5. il kərmis | 97 | ئىل كۆرمىش (ئادەم ئىسمى) |
| 6. lalak kəd tuqmis | 115 | لالاك كەد تۇغمىش (ئادەم ئىسمى) |
| 7. lisa sabi kərklə | 115 | لىسا سابى كۆركلە (ئادەم ئىسمى) |
| 8. qor | | چور (ئادەم ئىسمى) |
| 9. solmi | 32 | سولمى (يەر نامى) |
| 10. təmir | 5 | تەمىر (ئادەم ئىسمى) |
| 11. yar | 112 | يار (يەر نامى) |
| 12. yaksi | 5 | ياقسى (ئادەم ئىسمى) |
| 13. ķolmis | 116 | قولمىش (ئادەم ئىسمى) |
| 14. ķoqo | 19 | قوچو (تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى) |
| 15. ķutadmis ygən | 96 | قۇتادمىش يگەن (ئادەم ئىسمى) |
| 16. ķutluq tonga | 116 | قۇتلۇق توڭا (ئادەم ئىسمى) |

## ئىزاھ

1. «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» ھەققىدە: مانى دىنى قۇملۇقنىڭ شىمالدىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە (ملادى 762-

يىلدىن كېيىن) بۇ خانلىقنىڭ دۆلەت دىنى بولغانىدى. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەنىلا مانى دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان.

مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار بىلەن بىرمۇنچە يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. دەرسلىكىمىزگە مانى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن يادىكارلىقلارنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى»نى كىرگۈزدۇق.

بۇ ھۆججەتنى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى جەريانىدا تۇرپاندىن تاپقان. بۇ يادىكارلىق ئورالما ھۆججەت شەكلىدە يېزىلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 270 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 29.5 سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي 125 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ ھۆججەت ھازىر جۇڭگو تارىخي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بۇ يادىكارلىق قوچۇ مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججىتى قاتارىدا مانى ئىبادەتخانىسىغا تارقاتقان ھۆججىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىگىلەيدىغان يەر كۆلىمى، ئىمتىيازى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ ھۆججەت ئەينى زاماندىكى قوچۇ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، دىنىي ئەھۋالى ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئاددىي پۇقرالارغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيە ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە مانى دىنى شارائىتىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

بۇ ھۆججەتنى گېڭ شىمىن ئەپەندى ئونجى بولۇپ تەتقىق قىلىپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى «ئارخېئولوگىيە ئىلمى ژۇرنىلى»نىڭ 78-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلغان.

2. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 2-ta: ئورۇن كېلىش ۋ

چىقىش كېلىش ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەندىن سىرت، بۇ يادىكارلىقتا بىرقانچە ئورۇندا يۆنىلىش كېلىش مەزمۇنىنىمۇ ئىپادىلەپ كەلگەن. ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ يۆنىلىش كېلىش مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال باشقا يادىكارلىقلاردىمۇ ئانچە-مۇنچە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ķanīķta kirsər yalnguz (man) istantaķī yarlīķ birlə kirzun.

ئەمبارغا مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ يارلىقى بىلەن كىرىشكە بولىدۇ.

otuz ķaqun uluq manistanta birzun.

ئوتتۇز قوغۇننى چوڭ مانى ئىبادەتخانىسىغا بەرسۇن.

3. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 2 -takī: ئىسمىنىڭ چەكلىمە كېلىش قوشۇمچىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراممATIKىسىغا دائىر مەخسۇس ئەسەرلەردە بۇ قوشۇمچە ئىسمىنىڭ سۈپەت قوشۇمچىلىرى دەپ ئىزاھلىنىدۇ) بولۇپ، بۇ يادىكارلىقنىڭ 2-قۇردىكى جۈملىدە ئىككىلىك كېلىش مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

1-ئىزاھقا ئېلىنغان 1-مىسالدىن پايدىلىنىڭ.

4. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 4 mozak (mojak~): سوغدى تىلىدىكى mwqk تىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، مانى دىنىدىكى بىلىش راھىپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. mozak خەنزۇچە خاتىرىلەردە 慕阇 دەپ خاتىرىلەنگەن.

5. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 17 -sər ... nətəg: شەرت بېقىندا قوشما جۈملە شەكلىنى ئىپادىلىگۈچى شەكىل. مەسىلەن:

(kidingi nətəg) y(ī)qqu tirgü bar ərsər, kumar(nīng yumīs)qīsī (yaksī tutz)un.

ئەگەر نەرسە باج-سېلىق يىغىدىغان ئىش چىقىپ قالسا، قومارنىڭ يارىمچىسى يىغسۇن ۋە ياخشى ساقلىسۇن.

manistantaḳ ī (nə) təg türlüg is küq bolsar, iki hruhanlar is ayqïqīlar b(irlə is) lətzün.

مانى ئىبادەتخانىسىدا ھەرقانداق ئىش چىقىپ قالسا، ئىككى خرۇخان بىلەن ئىككى ئىش بېجىرگۈچى بىرلىكتە مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلسۇن.

6. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 26 -ər (-ar، -rər): سانلاق ساندىن مۆلچەر سان ياسىغۇچى قوشۇمچە. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 26 دىكى səkizər on دېگەن سۆز "سەكسەنچە" دېگەن مەنىدە. مەسىلەن:

ay sayu iki ənqmn tngrilərgə səkizər on sīḳ buqday yiti sīḳ kənqit iki sīḳ burqaḳ üq sīḳ ḳonuḳ (birzun) liw tutzun.

ھەر ئايدا ئىككى راھىپلار ئۆمكىدىكى راھىپلارغا يېمەك-ئىچمەك ھېسابىغا سەكسەن دەنچە بۇغداي، يەتتە دەن كۈنجۈت، ئىككى دەن پۇرچاق، ئۈچ دەن قوناق بېرىلسۇن.

7. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 32 solmi: ھازىرقى قارا شەھەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامى. ئۇ يۈەن سالنامىسىدا 唆里米 دەپ خاتىرىلەنگەن.

8. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 40 əspasi، əspasanq: ھەر ئىككىلىسى سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، "كۈتكۈچى" دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. پەرقى əspasi ئەر كۈتكۈچىنى كۆرسەتسە، əspasanq ئايال كۈتكۈچىنى كۆرسىتىدۇ. تىكى -anq ئايالچە جىنسنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچە.

9. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 52: بۇ يادىكارلىقتا قەدىمكى پارس (ياكى سوغدى) تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان مانى دىنىغا ئائىت بىرمۇنچە مەخسۇس ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

zyqqi 122, srhan 105, zyynkym99, iwragani 52,

ھازىرچە بۇ جەھەتتىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كەم بولغاچقا، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمىدۇق.

10. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 59 garu- (qaru- ، -gərü ، -karu ، -kəru-): ئىسمنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ يەنە بىر يۇرۇش شەكلى. بۇ شەكىل قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ قوشۇمچىلار تىل تەرەققىياتى جەريانىدا: il⟨ilgiri (ئىلگىرى) giri+ (ئاۋال)، tax⟩tax kiri (تاش) kiri+ ، iq⟨iqkiri (ئىچ) kiri+ قاتارلىق ئايرىم سۆزلەر تەركىبىدە ساقلىنىپ قالغانىنىڭ سىرتىدا، ئىستېمالىمىزدىن چۈشۈپ قالغان: «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 59 دىكى ol>olgaru (ئۇ)دىن كەلگەن بولۇپ «ئۇنىڭغا» دېگەن مەنىدە.

11. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 63 ngqu- (anggü- ، angqu-): پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە qaqra- دېگەن پېئىلغا ngu- نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان سۈپەت qaqrangu بولۇپ، «چېچىلاڭغۇ» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى izilənggü ، yiqlangqu قاتارلىق سۆزلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ.

12. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» 124 qoban: ھازىرقى بەزى تۈركىي تىللاردا «چارۋىچى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ يادىكارلىق «دىۋان»دا ئىزاھلانغان «كەنت باشلىقى ياردەمچىسى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن:

balïk arkasïnta (t)oyïn arkasïnta yrkan qoban yagmazun.

كۆزەتچىلەر ۋە كەنت باشلىقى ياردەمچىلىرى شەھەر ئارقىسىغا يېقىنلاشمىسۇن ۋە راھىبلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالمىسۇن.

# نېستورى دىنىغا ئائىت يادىكارلىق پارچىسى

barīp yükünəlim anīng uluq kutīnga tip ətündilər. ol ədün hirodis kan īnqa tip y(a)rlīkadī olarka: ya əmti amrak oqlanlarīm, ədgükia barīnglar.

kəd kəngül təgürüp tilənglar, istənglər! nəqükin bulsarsizlər, yana yanīp k(ə)lip manga ixitdürünglar, mn ymə barīp yükünəyin angar tip tidi. īnqīp ol moqoqlar nəqükin urīsīlīmtīn ənüp bardīlar

ərsər, ol yultuz ymə olarnī birlə barīr ərdi. kaqan ol moquqlar bidilhīn ka təgdilər ərsər, ol yultuz təbrəmədin xük turdī. ətrü anta bultīlar msiha t(ə)ngrig. ol ədün

titinü (titirü?) yakīn barīp kirdilər. oz yüklərin aqtīlar; ərtüdin aquqīn ətündilər kim, kəlürmix ərdilər üq türlüg kəzünq: altun, zmuran, küji. ymə yükünq yükündilər, əgmək,

alkīx ətündilər ilig kan msiha t(ə)ngrikə. ol moqoqlar inqə sakīnīp kirdilər. t(ə)ngri oqlī ərsər, zmuran, küqi alqay, ilig kan ərsər, altun alqay, birük otaqī əmqi ərsər,

ot ymə alqay tip bir kabanda urup kigürdilər.

mənggü t(ə)ngri oqlı ilig kan msiha ol moqoqlarning kənglindəki sakinqin bilü y(a)rlikap, üq türlüg kəzünqin ərtüdin yumki

alı y(a)rlikadī. inqa y(a)rlīkadī olarka;ay moqoqlara, sizlər üq türlüg sakinq üzə kirtingizlər. t(ə)ngri oqlī ymə m(ə)n ək ərürm(ə)n. ilig kan ymə m(ə)n ərürm(ə)n. otaqı əmqī ymə m(ə)n

ək ərürmən tip yarlikadī. siziksiz bolup baringlar tip y(a)rlikadi. ol moqaqlarka tax bixikning bulunginta min üzmix təg bir yumqak taxīq üzüp birdi. moqoqlar ol taxīq alıp əz ət'eziəri kəturgəli umatılar.

yilkika yütürsər, yilki kərürü umadī. anīn kinggəstilər. bu tax ərtingü aqīr tutur. bu yumqak tax nəgülüg ol bizingə yilka ymə kətürü

umatin tutur. iltgəli umaqay biz tip səzləztilər. ətrü antaqa bir kuduq bəlgü(r)ti. ol taxıq kətürüp ol (ku)duq iqintə kəmixidilər.anqaa barip kina kordilər. ol kuduq

iqintə bir korkünqiq yaruk oot yalīn birlə ətüp. kək kalikka təgi turur ərdi. inqip ol tanganqiq bəlgü kərüp moqoqlar anglap bilip korkup təpün tüxüp

yüküntilər. inqa tiyur ərdilər: biz (ingə) tapīnqu yüküngü ərdini birüpə ərmis. biz tapinquka təginsiz ərmisbiz. biləmətin kudduqka kəmixmix biz tip əkünülər. ol ooturka bukün

kirka təgi moquzlar ootka tapinmak tiltaqi bu

ərür, ol ədün bəlgülüg boltī olarka t(ə)ngridəm wrixti, utuzup antīn əngi yolqa yorutti ol moqoqlarīq. hirodis kan-

65. ka təgmədilər.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| 1. anqa | 49 | ئاندىن كېيىن |
| 2. antaqa | 46 | ئۇ يەردە |
| 3. aquq | 16 | سوۋغا |
| 4. birük | 24 | ئەگەر |
| 5. bixik | 24 | بۆشۈك |
| 6. ilt- | 45 | يۆتكىمەك، ئېلىپ بارماق |
| 7. kəzünq | 18 | سوۋغا |
| 8. küji | 19 | كۆجى |
| 9. moqoq | 8 | موغۇچ (قەدىمكى پېرسىيە دىنىدىكى راھىب) |
| 10. tanglanqīq | 53 | ئاجايىپ، قالتىس، ھاڭ-تاڭ قالغۇدەك |
| 11. tapīnqu | 56 | ھۆرمەت-ئېھتىرام |
| 12. təbrə- | 13 | تەۋرىمەك، قوزغالماق |
| 13. təgimsiz | 57 | لايىق ئەمەس، مۇناسىپ ئەمەس |

| | | |
|---|---|---|
| 14. utuz- | 63 | باشلىماق، يېتەكلىمەك، رەھ- بەرلىك قىلماق |
| 15. wrixti | 63 | پەرىشتە |
| 16. yumqaķ | 38 | يۇملاق، دۈگىلەك |
| 17. yükün- | 1 | سەجدە قىلماق، باش ئۇرماق، تازىم قىلماق، ئۇلۇغلىماق |
| 18. yüküngü | 56 | ئىززەت-ھۆرمەت |
| 19. yükünq | 19 | ھۆرمەت، ئېھتىرام، سەجدە |
| 20. zmuran | 18 | زۇمران تاش |
| 21. ķaban | 25 | تەقسە، تاۋاق |
| 22. əmqi | 24 | دوختۇر، تېۋىپ |
| 23. ərtüdin | 16 | ئەكەلگەن، ئېلىپ كەلگەن |
| 24. əgmək | 19 | مەدھىيە |

## خاس ئىسىملار

| | | |
|---|---|---|
| 1. bidilhim | 12 | بىدىلخىم (شەھەر نامى) |
| 2. hirodis | 64 | خىرودىس (ئادەم ئىسمى) |
| 3. msiha | 14 | ئەيسا (خرىستىئان جۇملىدىن نېستورى دىنىدىكى قۇتقۇزغۇ- چى خۇدا) |
| 4. urīslīm | 9 | ئىروساليم (قۇددۇس) |

## ئىزاھ

1. نېستورى دىنى ۋە نېستورى دىنىغا ئائىت يادىكارلىق پارچىسى ھەققىدە: مىلادى ٧ ئەسىردە خىرىستىئان دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرقانچە مەزھەپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر مەزھەپنىڭ ۋەكىلى شەرقىي رىملىق نېستورىئۇس (مىلادى ؟ — 451-يىللىرى) بولۇپ، كېيىن بۇ مەزھەپ نېستورىنىڭ نامى بىلەن نېستورى دىنى دەپ ئاتالغان. نېستورى دىنىدا ئۇتقا چوقۇنۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مىلادى 635-يىلى نېستورى موغۇچلىرى پېرسىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن ھەمدە چاڭئەندە (ھازىرقى شىئەن) ئىبادەتخانا سېلىپ نېستورىزمنى تارقاتقان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمىمۇ نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. «نېستورى دىنىغا ئائىت يادىكارلىق پارچىسى» يۇقىرىقى ئېتىقاد سەۋەبىدىن تەرجىمە قىلىنغان نېستورىزمغا دائىر يادىكارلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ يادىكارلىقنى گېرمانىيىنىڭ 2-قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ يادىكارلىقلارنى مۇللۇر ۋە مالوۋلار تەتقىق قىلغان.

2. جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنىڭ يۆتكىلىشى: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە ئەسەرلىرىدە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. «نېستورى دىنىغا ئائىت يادىكارلىق پارچىسى» دىمۇ بۇنداق ئەھۋال بىرقانچە ئورۇندا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

1. ol ədün hirodis kan ïnqa tïp y(a)rlïkadï olarka:

بۇ چاغدا خىرودىس خان ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

2. otrü anta bultïlar msiha t(ə)ngrig.

ئاندىن كېيىن، ئەيسا تەڭرىنى ئىزدەپ تاپتى (ياكى: ئەيسا تەڭرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى).

3. ymə yükünq yükündilər, əgmək, al kïx ətündilər ilig kan msiha t(ə)ngrikə.

(ئۇلار) يەنە ئىلىكخان ئەيسا تەڭرىگە ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈردى، ئالقىش-مەدھىيە ئوقۇشتى.

4. utuzup antïn əngi yolqa yorutdï ol moqoqlarïq.

ئاندىن ئۇ موغوچلارنى باشلاپ باشقا يولغا سېلىپ قويدى.

1. 3-جۈملىدە olar ka، msiha təngrikə قاتارلىق ھالەتلەرنىڭ، 2. 4-جۈملىدە təngrig، moqoqlarïq قاتارلىق تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئورنى خەۋەرنىڭ كەينىدە بولۇپ قالغان. مۇئەييەن گرامماتىكا قائىدىسى بويىچە بولغاندا، بۇ ھالەت ۋە تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئورنى خەۋەرنىڭ ئالدىغا يۆتكىلىشى كېرەك.

4. olarnï birlə: بۇ بىرىكمىدە olar غا قوشۇلغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى -nï ئۇشۇقتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، birlə ئىركەلمىسى (بىرلەشمەك، بىرگە تۇرماق) دېگەن پېئىلدىن تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بۆلۈنۈپ چىققان. birlə- ئەسلىدە ئۆتۈملۈك پېئىل بولۇپ، -nï شۇ سەۋەبتىن قوشۇلغان. بۇنداق چۈشۈم كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەھۋال تۈركىي يېزىقتىكى يادىكارلىقلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

olarnï birlə =ئۇلار بىلەن بىللە.

5. otaqï، əmqi: بۇ ئىككى سۆز مەنىداش سۆز بولۇپ "تېۋىپ، دوختۇر" دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. پەرقى otaqï كۆپرەك ئوت-چۆپ دورىلار بىلەن كېسەل داۋالىغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

6. -u: ئىمكانىيەتنى بىلدۈرگۈچى ياردەمچى پېئىل. كۆپىنچە تۈرلۈك مەزمۇننى ئىپادىلىگۈچى ھال پېئىللارنىڭ كەينىدە كېلىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادى-

لەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

زامان، راي، u- قاتارلىقلار. بولالا- =bol qalï u- قىلالا- =kïlu u-

بولۇشلۇق-بولۇشسىز شەكىللەردە تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

moqoqlar ol taxïq alïp ɵz ət ɵzləri kɵtürgəli umatïlar, yïlkïka yütürsər, yïlkï kɵtürü umatï.

ئۇ تاشنى موغۇچلار كۆتۈرەلمىدى، ئۇلاققا ئارتسا، ئۇلاقلارمۇ كۆتۈرەلمىدى.

bu bir yumqak tax ... nəgülüg bizingə yïlkï ymə kɵtürü umatïn turur, iltgəli umaqay biz tip sɵzləztilər.

بۇ يۇمىلاق تاش ... (ئۇنى) نېمىشقا ئۇلاقلارمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ، بىزمۇ كۆتۈرەلمەيمىز: (ئۇنى) ئەكەتەلمەيدىغان ئوخشايمىز دېيىشتى.

7. birüpə: بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى bir- (بەرمەك) بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارقا ئارقىدىن، -üp ۋە -ə دېگەن ئىككى ھال پېئىل قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن. بىر سۆز يىلتىزىغا ئوخشاش گرامماتىكىلىق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ كەينى-كەينىدىن قوشۇلۇشى تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا birüpə دە ھال پېئىل قوشۇمچىسى -ə ئارتۇقچە قوشۇلۇپ قالغان دەپ چۈشىنىش كېرەك.

8. -mix (-mïx، -mïs، -mis): پېئىلنىڭ ۋاستىلىق ۋە ئاڭلاتما رايى قوشۇمچىسى. مەسىلەن:

biz(ingə) tapïnqu yüküngü ərdəni birüpə ərmix. biz tapïnquka təgimsiz ərmix biz. biz bilmətin kudukka kəmixmix biz tip ɵküntilər.

(ئۇلار) بىزگە ئىززەت-ھۆرمەت ۋە گۆھەر مەدھىيە قىلغانىكەن. بىز ئىززەت-ھۆرمەتكە مۇناسىپ ئەمەس ئىكەنمىز. بىز (ئۇنى) بىلمەستىن قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇق دەپ ئۆكۈنۈشتى (پۇشايمان قىلىشتى).

9. künkə təgi: غەربنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېكىستتە ھەرەم ئەتراپىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

# قاراخانىيلارغا دائىر يادىكارلىقلار

## ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھ

قاراخانىيلار (خاقانىيە) ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن. بىز بۇ يېزىقنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى (خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتايمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى سۆزلەر ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بېرىلگەن. «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭمۇ ئاشۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى بار. قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكىنىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمىگەن. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، قاراخانىيلارنىڭ ئوردا مەكتۇپلىرى يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

XIV، XV ئەسىرگە كەلگەندە تۇرپان، قۇمۇل ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆزگەرگەندىن كېيىنلا، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان يېزىققا ئايلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولسا، پەيدىن پەي ئىشلىتىلىشتىن قالغان.

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئىملا

قائىدىسى كېيىن "چاغاتاي يېزىقى" دەپ ئاتالغان يېزىقنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. چاغاتاي يېزىقى ۋە ئۇنىڭ ئىملا قائىدىسىگە دائىر بىلىملەر "چاغاتاي تىلى دەرسلىكى"دە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، دەرسلىكىمىزدە كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئۈچۈن ئايرىم بەت ئاچمىدۇق.

## ئەتەبەتۇلھەقايىق (پارچە)

### ئەدىب ئەخمەت بىننى مەخمۇت يۈكنەكى

### A

### بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

### I

### ئاللانىڭ مەدھىيىسى ھەققىدە[1]

1. Ilaḥi ɵküx ḥəmd ayurmən sanga
   Səning rəḥmətingdin umarmən onga

2. Sənamu ayuqay səza bu tilim
   Unarqa ayayin yari bər manga

3. Səning barlīḳingḳa tanuḳluḳ bərür
   Jəmad janwar uqqan yügürgən nənggə

4. Səning birlikinggə dəlil arḳaqan

[1] ماۋزۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قولىيازما نۇسخىلىرىدا ئەرەبچە يېزىلغان.

Bulur bir nəng iqrə dəlillər migə

5. Yoķ ərdim yaratting yana yoķ ķilip
Ikinq bar ķilursən muķirmən munga

6. Aya xək yol inda yiligli odum
Kəl ottin əzüng yul əlümdin əngə

7. Yaratti ol uqan tününg kündüzüng
Udup biri birkə yorir əng songa

8. Tünətür tününgni kününg kitərip
Tününg kitərip baz yarutur tanga

9. Əlügdin tirig ḩəm tirigdin əlüg
Qiķarur kərürsən muni kəd anga

10. Bu ķudrət idisi uluq bir bayat
Əlüglərni tirgüzmək asan anga

II

پەيغەمبەر مەدھىيىسى ھەققىدە

11. Əxit əmdi ķaq səz ḩəbib fazlidin

Uķux ḩux yititip sezümni anga

12. Ol ol ḩalķ talusi kixi ķutluqi
Terütmixtə yoķ bil anga tux təngə

13. Rasullar erüng yüz bu ol yüzkə kez
Ya ular ķizil əng bu əngkə məngə

14. Aning egdisindin tatir bu tilim
Aning mədḩi bolsa xəkər xaḩd anga

15. Bu kün təgsu məndin dürüd ol yarin
Ə lig tuttaqimeə əgirsə munga

Ⅲ

تۆت سەھابە مەدھىيىسى ھەققىدە

16. Yimə tert ixingə idürmə səlam
Ulardin usanmaķ ķaqan ol manga

17. Ə tiķ birlə Faruķ üqünq Zinnurəyin
Ə li tertilənqi ol ərsig tonga

18. Kim ərsə bu tert ixkə bəd itiķat
Tutar ərsə ning ləin idürmən anga

19. Ilahi kəqürgən idimsən kəqür
Nəqə mə hətalīq kul ərsəm sanga

20. Manga bolsa fəzling kutuldī ezüm
Əgər bolsa ədiling katīqlīk manga

IV

بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەت داد ئىسپەھسالار بەگ
مەدھىيىسى ھەققىدە

21. Aya til terüt mədh etünigil kanī
Mən artut kilayīn xahimka anī

22. Xahim mədhi birlə bəzəyin kitap
Okīqlī kixining səwinsun jani

23. Əgü bilməz ərkə egüt egrətür
Anīng birru yudi bəd'i ihsani

24. Ol ol əkl ukux hux hirədkə məkan
Bilig məidini həm fəzilət kani

25. Simaktin ədizrət tutar himmət ol
Səhasi məkarim iki dərmani

26. Rəiyyət ķa muxfi ķ səlim til ḩəlim
Wəlekin buxarda xərə arslanī

27. Səlabət iqintə emər təg ərip
Səhawət səma ḩət tutar Osmani

28. Tətikliktə kəndü Ayastīn ozup
.Dad insap tutar qin Anuxirwani

29. Anīng bahxixindin bulīt uwtanur
Bu səz bütün qin tutar düxməni

30. Aya xa ḩim ərdəmlərin sana qan
Sanarmu ədiz ķum uxa ķ tax sanī

31. Siyasət riyasət ķiyasət kərəm
Ziyadət ula ədl əxit u ķ munī

32. Yəmən məjd mürüwwət fütüwwət u qan
Ata ķildī xa ḩım ķa bu jümləni

33. Əküx az təp aymaz pəzirlər təngiz
Bulīt hədyə ķilsa uxa ķ ķətrəni

34. Təngizdin kərimrək xaḩim mīng ķata
Ķobul ķilsa tang yoķ bu az ḩədyəni

V

كتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە

35. Dad Ispəḩsalar bəg üqün bu kitap
Qīkardīm azunda atī ķalsu təp

36. Kitabimni kərgən əxitgən kixi
Xaḩimni dua birlə yad ķīlsu təp

37. Anīng wuddi birlə kəngüllər tolup
Anīng yadī birlə azun təlsu təp

38. Kidinki kəligli kixilər ara
Anīng zikri tangsuķ ədiz bolsu təp

39. Bəzədim kitapni nəwadir səzün
Baķīqlī oķīqlī asīq alsu təp

40. Bələk īddīm anī xaḩimķa mən ək
Həwadarlīķīmnī tükəl bilsun təp

## VI

## بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

41. Biligdin ururmən səzümgə ula
Biligligkə ya dost əzüngni ula
Bilig birlə bulnur səadət yoli
Bilig bil səadət yolini bula

42. Bəhaliq dinar ol biliglig kixi
Bu jahil biligsiz bəhasiz bixi
Biliglig biligsiz kaqan təng bolur
Biliglig tixi ər jahil ər tixi

43. Səngəkkə yilig təg ərənkə bilig
Ərən kərki əkl ol səngəkning yilig
Biligsiz yiligsiz səngək təg hali
Yiligsiz səngəkkə sunulmaz əlig

44. Bilig bildi boldi ərən bəlgülüg
Biligsiz tiriglə yitük kərgülüg
Biliglig ər əldi ati əlmədi
Biligsiz tirig ərkən ati əlüg

45. Biliglig biringə biligsiz mingin
Təngəgli təngədi biligning təngin

Ba ķa kərgil əmti u ķa sīnayu
Nə nəng bar bilig təg asī qlī əngin

46. Bilig birlə alim yo ķar yo ķladī
Biligsizlig ərni qəkərdi ķodī
Bilig yind usanma bil ol ḩək rəsul
Bilig Qində ərsə siz ar ķang tədi

47. Biliglig biligni ədərgən bulur
Bilig tat ķīn ay dost biliglig bilür
Bilig bildürür bil bilig ķədrini
Biligni biligsiz otun nə kīlur

48. Biligsizkə ḩəķ səz tatī qsiz ərür
Angar pənd nəsi ḩət asī qsiz ərür
Nə türlüg arī qsiz arir yuma kīn
Ja ḩil yup arīmaz arī qsiz ərür

49. Biliglīg kixi kər bilür ix ədin
Bilip itər ixni əkünməz kidin
Kamu q türlüg ıxtə bılıgsız ongı
Əkünq ol angar yo ķ ong anda adīn

50. Biliglig kərəklig səzüg səzləyür
Kərəksiz səzini kəmüp kizləyür

Biligsiz nə aysa ayur uķmadin
Anīn ɵz tili ɵz baxīnī yəyür

51. Bilig birlə bilnür tərütgən idi
Biligsizlig iqrə ķanī həyir yədi
Bilig bilməgəndin bir anqa bodun
Ɵz əlgin but ətip idim bu tədi

52. Biliglig sɵzi pənd nəsiħət ədəb
Biligligni ɵgdi əjəm ħəm ərəp
Tawarsīz ķa bilgi tükənməz tawar
Nəsəbsiz ķa bilgi yirilməz nəsəp

XIII

زامانىنىڭ بۇزۇقلىقى ھەققىدە

116. Məjaz boldi dostluķ ħəķiķət ķanī
Mingər dostta biri bulunmaz kəni
Ɵküxrək kixining iqi qadir ərür
Kəni dostung ərsə taxī bil munī

117. Bu kün bu azunda kixilik isiz
